مۇستافا ئىسلام ئوغلى

# ھەج رىسالىسى

چۆشەن نەشرىياتى

ئاپتورى: مۇستاپا ئىسلام ئوغلى
تەرجىمان: ئەلنۇر 024 (ئابدۇلئەزىز ئابدۇغېنى بەشتوغراق)
مۇھەررىر: م.نىيازقىزى & قۇيرۇق

مۇندەرىجە

مۇقەددىمە........................................................5
چۈشەنچە ۋە ئىبادەت..............................................7
ھەج...............................................................15
ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىش..........................................19
مىقات.............................................................26
ئېھرام............................................................29
ھەرەم.............................................................36
تەلبىيەھ...........................................................43
ئۇممەتنىڭ تۈنجى جەملىنىشى......................................47
تونۇش، تونۇشۇش يولىدىكى بىر ئىستىراھەت: مىنا...........51
ئاراپاتتا مەرىپەتكە ـ ئاللاھنى تونۇشقا يۈزلىنىش.............54
دۇئا...............................................................59
مەشئارىل مۇزدەلىفە مەشئارىل ھەرەم.............................67
مىنا...............................................................74
قۇربانلىق .......................................................80
تاۋاپ.............................................................89
دۇنيا.............................................................91
ماكان چۈشەنچىسى................................................94

شەھەرلەرنىڭ ئانىسى..........................................97
كەئبە ـ ئىشەنچ ۋە ئەركىنلىكنىڭ ئىبادەت يېرى............................105
ھەجەرۇل ئەسۋەد............................................116
تاۋاف....................................................120
سەئى....................................................127
مەككە...................................................135
مەدىنە...................................................142
ئاللانىڭ رەسۇلىنىڭ ھەجى....................................152

## مۇقەددىمە

ھەج: بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا ئىنتايىن كاتتا ئىبادەتتۇر. ھەجنىڭ ھەج بولۇشتىكى كاتتىلىقى ئۇنىڭ ھەجدىن ئىبارەت ئىپادىلىنىشتىكى شەكلىدە ئەمەس، بەلكى ھەجنىڭ ئۆزىگە مۇجەسسەملەنگەن يەنى ھەجدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. ھەج ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن ئۆلۈمدىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ بىر ئىپادىلىنىشىدۇر. ھەج، قۇرئاندا بايان قىلىنغىنى بويىچە «ئاللانىڭ سىماسىدىن، ئاللانىڭ ئالامەتلىرىدىن شەكىللەنگەن بىر ئىبادەتتۇر». (دەلىل بەقەرە سۈرىسىنىڭ 158 ـ ئايىتى)

ھەممە ئادەمگە مەلۇم بولغىنىدەك، ھەربىر ئىپادە قىلغۇچى ئوبرازنىڭ ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر ھەقىقتى بولىدۇ. ھەر بىر نەرسىنىڭ ئۆزىدە بار بولغان ھەقىقەتنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ پەقەت ۋەكىللىك قىلغان ئوبرازغىلا ئېسىلىۋېلىشى، ئالدى بىلەن ئىنسانىنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن ئۇنىڭ جەستىگە ئېسىلىۋېلىپ يىغلىغانغا ئوخشايدۇ. مانا بۇ ھەج ئىبادىتىنى كاتتىلاشتۇرغان روھى ۋە يۈشۈرۈن كۈچىنى تىلغا ئېلىشمىزنىڭ مەقسىتىدۇر.

يېقىنقى زامانغىچە تۆگە، ئات بىلەن ھەجگە بېرىلاتتى. ھازىر بولسا ماشىنىلار بىلەن بېرىلىدۇ. ئەرافاتقا، مۇزدەلفەگە، مىناغا تۆگە بىلەن بېرىلاتتى. بۇ يەرلەرگە ماشىنا ياكى تۆگە بىلەن كېتىۋاتقان ئىنسانلار بىلەن مىنىۋالغان قاتناش ۋاستىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق پەقەت ئاتنىڭ ياكى چۈشەنچە پەرقىدىن ئىبارەتتۇر. ھەج قىلىدىغىنى ماشىنا ياكى تۆگە ئەمەس، بەلكى نىمىشقا؟ نىمە ئۈچۈن؟ قىلغانلىقىنى بىلىپ قىلىدىغان ئىنسان

ھاجى بولىدۇ.

ھەج جەريانىدا، مۇبارەك زېمىندا يېزىلغان بۇ كىتابنىڭ مەقسىتى بولسا، دەل ھەج جەريانىدىكى بۇ ئاجايىپ تۇيغۇنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ھەجنىڭ ئەسلى مەنىسى بويىچە ئادا قىلىنىشى ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ تۆھپە قوشۇش ئۈچۈندۇر.

بۇ ئاددىي ئابزاسلار يېزىلغان بەتلەر ئىچىدە كېتىۋاتقىنىمىزدا، يۈرىكى بەدىنىدىن بۇرۇن ھەرىكەتلىنىپ، ھەقىقىي ئاشىقلىق، ھۆرلۈك ۋە خاتىرجەملىك يۇرتىغا يەنى نۇرنىڭ مەركىزى نۇقتىسىغا قاراپ قاناتلىرىنى ئاچقان ئى روھلار! ئاللاھ بىلەن بولغان ئەھدىڭىز ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ مۇبارەك بولسۇن!

1998-يىلى 4-ئاينىڭ 10-كۈنى: مەككە مۇكەررەمە

## 1. چۈشەنچە ۋە ئىبادەت

ئىنسانىيەتنىڭ، ئىنسانلىقنى ۋە تەبىئەتنىڭ تەبىئىيلىكىنى بۇزۇۋاتقان مەدەنىي تەلۋىلىككە قارىتا ئىمانىي مەركەز قىلغان يېڭى بىر ھاياتنىڭ بەرپا قىلىنىشى زۆرۈردۇر. بۇ زۆرۈرىيەت يالغۇزلا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ ۋە ھەتتا تەبىئەتنىڭ شۇنداقلا ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن زۆرۈردۇر.

ھەقىقىي ئىنسان قىياپىتىدىكى بىر ھاياتنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئۈچۈن يېڭى بىر جامائەتنىڭ بەرپا قىلىنىشى شەرتتۇر. بەرپا قىلىنىدىغان بۇ جامائەتنىڭ ۋەزىپىسى يەر يۈزىدە تەۋھىد ۋە ئادالەتنى باشقىدىن بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. بۇ تەلەپ بويىچە بولغاندا بۇ جامائەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغۋار سۈپىتى ئۆزىدىن باشقا جامائەتلەرگە ئانا ئورنىدا ئانا بولالىغۇدەك لاياقەتتە بولۇشى زۆرۈردۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان بۇ جامائەتنى «ئۈممەت» ئىسمى بىلەن تىلغا ئالغاندۇر. «ئۈممەت» دېگەنلىك سۆز مەنىسى بويىچە بولغاندا «ئانا جامائەت» دېگەنلىكتۇر. ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئانىغا ئوخشاش بولالىغان، ئۇلارنى رەھىم ۋە شەپقەت بىلەن باغرىغا بېسىپ، بەخت-سائادەت يولىغا باشلايدىغان، خۇددى بەخت تارقاتقۇچى بۇلاقتەك ئىنسانلارنىڭ قەلبلىرىگە ھۇزۇر ئاتا قىلىدىغان، ئۇلارغا ھۆرلۈكنىڭ ۋە ئادالەتنىڭ ھەقىقىي يولىنى كۆرسىتىدىغان بىر جامائەت دېگەنلىكتۇر. بەندىگە قۇل بولۇشتىن ۋاز كەچتۈرۈپ، ھەقىقىي رەببىگە (ئىگىسىگە) قۇل بولۇشقا چاقىرىدىغان، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزگەرمەس قىممەتلىرىنىڭ يەنە بىر ئىسمى بولغان ئىسلام بىلەن، مەخلۇقاتنىڭ ھۆرمەت بىلەن يېزىلغان تىزىملىكىدىكى

تۇنجى رەتكە يېزىلغان ئىنساننى ئۇچراشتۇرغان بىر جامائەت.

يېڭى بىر جامائەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن، يېڭى بىر ئىنساننىڭ بارلىققا كېلىشى زۆرۈردۇر. يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ئىنسان، ئاللاھقا، ئۆزىگە، جەمئىيەتكە ۋە بارلىق مەۋجۇداتقا قارىتا مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلىپ يەتكەن، ئۆزى بىلەن روھىي دۇنياسى ئارىسىدا ھېچقانداق قارمۇ-قارشىلىق بولماستىن ماسلىشالىغان، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ئۆزىنى ۋە رەببىنى (ئىگىسىنى، خوجايىنىنى) ئوبدان تونۇغان بىر ئىنساندۇر. يەككىلا ئادەم بولۇشتىن ئېشىپ، ھەقىقىي ئىنسان بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن، ئۆزىنىڭ بەخت-سائادەتنى، بىر ئەزاسى بولغان ئىنسانىيەت ئائىلىسىنىڭ سائادىتىدە كۆرگەن، ئۆزى بىلەن ئۆزى ياتلاشمىغان، بۇنىڭ بىلەن ھەقىقەتكە قارىتا ياتسىراش تۇيغۇسىدا بولمىغان، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەپتى-بەشىرىسىنى ئۆزىنىڭ ۋىجدان ئەينىكىدە كۆرۈشتىن قاچمىغۇدەك دەرىجىدە ئەمەلىيەتچان بولغان ئىنساندۇر.

بىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ھەتتا ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن تونۇشۇش مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلگەن، ھېس قىلىش بىلەنلا توختاپ قالماي تۇيغۇسىنى پەرقلەندۈرەلىگەن، قاراش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي ھەقىقىي ماھىيىتىنى كۆرگەن، ئاڭلاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى بىلىپ يەتكەن، ئاددىي ئەقىدە بىلەنلا قالماي ئەقىدىسىنى ھاياتىدا ئەمەللەشتۈرگەن، شېرىكتىن يىراق تۇرۇش بىلەنلا قالماستىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدەك بۇتلارنى چېقىپ تاشلىيالىغان، تەۋبە قىلىش بىلەنلا قالماي، ئادەم ئەلەيھىسسالامدەك ئۆزىنىڭ جەننىتىنى ئىزدىگەن. شەيتانغا ئەگەشمەيلا قالماستىن شەيتانغا تاش ئاتالىغان، جىسمىنى پىدا قىلىپلا قالماي، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدەك ئۆزىنىڭ نەپسىنى قۇربان قىلالايدىغان ئىنساندۇر.

ھۆرلۈك ۋە بەختەرلىكنى ئىمان بىلەن قوغدىغان ئىنسان، كىملىك ۋە شەخسىيىتىنى بەدەل تۆلەش ئارقىلىق تاپقان، ئىززەت ۋە ئابرۇيىنى ھەرگىزمۇ ۋاز

كىچىشــــكە بولمايـــدىغان قىممەتلىك نەرسىلەر قاتارىـــدا دەپ بىلگەن، ھەر ئىشـــتا تەجرىبىسىزلىكتىن، بارا- بارا تەجرىبىگە ئېرىشىپ پىشىپ يېتىلگەن بىر ئىنساندۇر.

يېڭى بىر ئىنساننىڭ مەيـدانغا كېلىشى يېڭـى بىـر چۈشەنچىنىڭ مەيـدانغا كېلىشـى ئـارقىلىقلا مـۆمكىن بولـىدۇ. چۈشەنچە دېگىنىمىـز كـونىراپ قالمايـدىغان مەنىسى بىلەن ئېتىقاتاندا ھېس-تۇيغۇدۇر.

بۇ شۇنداق بىر تۇيغۇكى، يېڭى زاماندىكى بىر كىشىنىڭ ئاسـتىن- ئۈسـتۈن بولـۇپ كەتكەن قىممەت قارىشىنى قايتىدىن ئەسلى جايىغا ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ شۇنداق تۇيغۇكى ئۆزىنىـڭ كىـم ئىكەنلىكىنى تونـۇپ يەتكەن ھەم باشـقىلار تەرىپىـدىن تونۇلۇشـقا ۋاسىتە بولغان تۇيغۇ.

ئىگىسىنى ھايۋان بولۇشتىن ئادەم بولۇشقا باشلايدىغان بىر تۇيغۇ.

ئويلاپ باقايلى: تۆگە مەككىگە كېلىدۇ. تۆگـگە مىنگەن ئىنسـانمۇ ئۇنىـڭ ئۈسـتىدە مەككىگە يېتىپ كېلىدۇ. تۆگە بىلەن ئاراپاتقا، مىناغا، مەشئارىل ھەرامغا ناۋادا ئۆزرىسـى بولسا ھەتتا كەبىنى تاۋاپ قىلىشقا ۋە سەئى قىلىشقا بارسا بولىدۇ. سىز تۆگىنىڭ ئورنىغا ماشىنىدا ئولتۇرۇشنى تاللىسىڭىز بولىدۇ. بۇنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق. بىراق يا تۆگە، يا ماشىنا ھاجى بولالمايدۇ. ئەمما، ئىنسان ھاجى بولـىدۇ. بـۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسـا ھـس-تۇيغـۇ مەسىلىسىدۇر. تۆگە ئۆزىنىـڭ بـۇ يەرلەرگە نېمە ئۈچـۈن كەلگەنلىكىنى بىلمەيدۇ بىراق، ئىنسان بىلىدۇ.

شـۇنىڭ ئۈچـۈن چۈشىنىش، بىـر ئىشـنى ئىبادەتكە ئايلانـدۇرغان بىردىـن - بىـر ئالامەتتۇر.

يېڭى بىر چۈشەنچىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىـك مـۇھىم؟ چـۈنكى، ھەربىرى شەخسىي ۋە يــــــاكى جەمئىيەتتە بولغــــــان كىسەللىكلىرىمىزگە مەلھەم، مۈشكۈلچىلىكلىرىمىزگە چارە بولغـان ئىبادەتلەرنىڭ قايتىـدىن قولغا كېلىشـى پەقەت ۋە

پەقەت يېگى بىر چۈشەنچە بىلەن مۇمكىندۇر.

ئىبادەتلەرنىڭ قايتىدىن قولغا كەلتۈرۈلۈشى ھەققىدە توختالدىم. ھەققەتەن توغرا! چۈنكى بىز ئىبادەتلەرنى يوقىتىپ قويدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەينى زامانىدا «نامازنى يوقىتىپ قويىدۇ» (ئەھمەد بىن ھەنبەل 3ـ28) دەپ مۆجىزىۋىي خەۋەر بەرگىنىدەك نامازنى يوقىتىپ قويدۇق. روزىنى يوقىتىپ قويدۇق. زاكاتنى يوقىتىپ قويدۇق. ھەجنى يوقىتىپ قويدۇق. ھېيتلارنى يوقىتىپ قويدۇق. قۇربانلىقنى يوقىتىپ قويدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا بىزگە پەقەت ھارغىنلىقىمىز ۋە ئاچلىقىمىزلا قېلىپ قالدى. ئەسلىدە ئىبادەتلەر مەيلى جەمئىيەتنىڭ بولسۇن، مەيلى شەخسنىڭ بولسۇن بىرمۇنچە كېسەللىكلىرىگە دەرمان بولاتتى. مەسىلەن: قۇرئاندا نامازنىڭ بىرمۇنچە ئىنساننى نۇرغۇنلىغان يامانلىقلاردىن، ھەددىدىن ئېشىشلاردىن توسۇپ قالالايدىغانلىقىنى بايان قىلغان.(29. سۈرە 45ـ ئايەت) روزا ئىنساننىڭ ئاللاھقا قارىتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان (2ـ سۈرە 183ـ ئايەت) زاكات ئىنساننى ۋە جەمئىيەتنى يامانلىقلاردىن پاكىزلايدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ھەجنىڭ بولسا ئىنساننى چىدامىلىق بولۇشنى، ئاللاھ ئۈچۈن بىقارار تۇرۇشنى، چىدام ـ غەيرەتتە ھەققىي جۈرئەتلىك بولۇشنى ئۆگىتىدىغانلىقىنى بايان قىلغان (5ـ سۈرە 97ـئايەت) بۇلارنىڭ ھەممىسى، جىنايەت، گۇناھ، تېگىرقاش، ھورۇنلۇق، نادانلىق، بەختسىزلىك، بوينتاۋلىق، ئۈمىدسىزلىك ۋە بۇنىڭدىن باشقا بىرمۇنچە ئىللەتلەرنىڭ دورىسى ئىدى.

بىزدە يوق بولۇپ كېتىۋاتقان ھەربىر ئىبادەت بىزنى بەختتىن يىراقلاشتۇرۇپ، بالايى ـ قازاغا يېقىنلاشتۇرماقتا. روھنى ۋە ھېس ـ تۇيغۇسىنى يوقىتىپ قويغان ئىبادەتلىرىمىز ئۆزىنىڭ قۇربانلىقىنى مۇرىسىدە كۆتۈرۈپ يۈرگەن قابىلدەك مۈرىمىزدە كۆتۈرۈپ، بۇ ئىبادەتلەرگە بىرئاز بولسىمۇ بۇرۇنراق يەرلىككە قويۇۋېتىشىمىز كېرەك

بولغان ئۆلۈكنىڭ مۇئامىلىسىنى قىلىپ كېلىۋاتىمىز. ئەسلىدە بولسا ھەر بىر ئىبادەت بىزنى مەڭگۈلۈك بەختكە ئېلىپ بارىدىغان «دۇلدۇل» بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىز بۇ «دۇلدۇل» لار بىلەن ئۇچۇشىمىز مۇمكىن ئىدىغۇ!؟ بىز روھنى يوقىتىۋېتىپ قويغان ئىبادەتلەر بىزنى جەننەتكە ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ پەرۋاسىزلىقلىرىمىز بىلەن ھاسىل بولغان بوشلۇقتىكى ھاڭلارغا تاشلىماقتا.

سىز ھەر بىر ئىبادەتنى ئاللاھقا ئەۋەتىلگەن بىر خەتكە ئوخشاتسىڭىز بولىدۇ، روھسىز ۋە ھېس-تۇيغۇسىز ئىبادەتلىرىمىز ئىچى قورۇق بولغان خەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئوتتۇرىدا بىر كونۋېرت بار. بۇ كونۋېرت ھەتتا ناھايىتى چىرايلىق، زىننەتلىك بىر كونۋېرت. لېكىن، ئىچى قۇرۇق بىر كونۋېرت. ئەسلىدە كونۋېرتنىڭ قىممىتى ئىچىدىكى خەتتە ئىدى. ئىچىدە خەت بولمىغان كونۋېرت قۇرۇق كونۋېرت بولۇپلا قالماي، كونۋېرت ئەۋەتكۈچىگە قىلىنغان بىر ھاقارەت مەنىسىدە كېلىدۇ. ناۋادا ئىچى بوش ئەۋەتىلگەن كونۋېرتنىڭ بىر مەنىسى بار دېگەندىمۇ، بۇ بىر ھېچ مەنىسى بولمىغان، ئەۋەتكۈچىنى ئوڭايسىز بىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان مەنىدۇر. دېمەك، ئىچىدە ھېچقانداق ھېس- تۇيغۇ بولمىغان بىر ئىبادەتمۇ، ئىچى بوش بىر كونۋېرتقا ئوخشايدۇ. نەتىجە شۇكى بەرمەكچى بولغان ئۇچۇر بېرىلمىدى. ئىبادەتتىن كۈتۈلگەن نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلمىدى. بۇلارنىڭ نەتىجىسىدە ئىبادەتلەرنى يوقىتىۋېتىپ قويغان بولدۇق.

نامازنى قايتىدىن قايتۇرۇپ كېلەيلى.

روزىنى، زاكاتنى قايتىدىن قايتۇرۇپ كېلەيلى.

بولۇپمۇ ھەجنى قايتىدىن قايتۇرۇپ كېلەيلى.

ئۇلارنى يۇراش، تەمىنى تېتىش، ئاڭلاش، كىيىش ۋە ياشاش لازىم. مانا مۇشۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «دۇنيالىقتىن ماڭا ئۈچ نەرسە ياخشى كۆرسىتىلدى، بىرىنچىسى كۆزۈمنىڭ نۇرى بولغان ناماز» (ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل 12315: نەسەئى

دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنىڭ قەدرىگە يېتەلەيمىز. (5911

خوش! ئۇنداق بولسا قىبلىنىڭ ئىككى بولماستىن نامازنىڭ ئىككى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن! ئەلۋەتتە بۇ مۇمكىن ئەمەس. قىبلىدىن ئىبارەت يەنى جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمنى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە يەنىلا ھەج ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ھەجنىڭ ئىبادەتلەر ئارىسىدىكى ئورنىنى، پەيغەمبەرلەر ئىچىدىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىغا، ئەرشئەلادىن يوللانغان ئۇچۇرلار ئىچىدىن قۇرئانغا ئوخشىتالايمىز.

چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلىكى، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ گۈزەل ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە جەم قىلغان بىر كىشىلىكتۇر. قۇرئان بولسا، بارلىق ۋەھىيلەرنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن بىر خىتابتۇر. ھەج بولسا پۈتۈن ئىبادەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى ئۆز ۋۇجۇدىدا بىرلەشتۈرگەن ئالاھىدە سىمۋوللۇق خاراكتېردىكى ئىبادەتتۇر.

ھەج خۇددى نامازغا ئوخشاش، مۇئەييەن بىر ۋاقىت ئىچىدە ۋە مۇئەييەن بىر يەردە قىلىنىدىغان قائىدىلىرى بىلەن ۋاقىت تۇيغۇسى ۋە ماكان تۇيغۇسى ھېس قىلدۇرىدۇ.

ھەج، خۇددى ناماز ۋە روزىغا ئوخشاش بەدىنى، ھەم زاكاتتەك ئىقتىسادى، ھەم جۇمە ۋە جىھادتەك ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي بىر ئىبادەتتۇر. ھەج بولسا مۇشۇنداق ئۈچ ئىبادەتنىڭ ماھىيىتىنى ئالاھىدە گەۋدىلىك بىر ھالەتتە ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بىردىن - بىر ئىبادەتتۇر. بۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ھەج ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا ئىبادەت ئۈچۈن بېرىلمىگەن خۇش بېشارەتلىرىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ بايان قىلغان. ئەمما، بۇ خۇش بېشارەتلەرنى ئېنىق قىلىپ تۆۋەندىكى شەرتلەر بىلەن بىرلەشتۈرگەن، يەنى ھەجنىڭ قوبۇل بولۇشىنى، ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن بىر سۆيۈنچە بولۇشىنى «ئاللاھ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇنغان ھەجنىڭ ساۋابى چوقۇم جەننەتتۇر»

(بۇخارى 1683؛ مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى) دېيىش ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ھەجنىڭ قوبۇل بولغىنى ۋە بولمىغىنى باردۇر. قوبۇل بولمىغان ھەج بولسا جاپا-مۇشەققەتلىك بىر ساياھەت سەپىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. قوبۇل قىلىنغان ھەج بولسا باشقا بارلىق ئىبادەتلەرنى تىرىلدۈرگەن جانلاندۇرغۇچىدۇر. ھەربىر كىشىگە شۇنداق دېيەلەيمەنكى، ھەجنى ھەقىقىي ئورۇنلىيالىغان بىر ئىنسان- نامىزىنى، روزىسىنى، زاكاتىنى، جىھادىنى، دىن يولىدىكى داۋاسىنى، پاراستىنى، فىترىتىنى شۇنداقلا، كىشىلىكىنى تىرىلدۈرىدۇ. بۇ ئاڭ بىلەن قىلىنغان ھەج بولسا ئادەتتە يىغىپ ئېيتقاندا قايتىدىن تىرىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرۈشنىڭ ۋە قايتىدىن ئېرىششنىڭ ئەڭ قىسقا بىردىن - بىر يولى بولسا ھەجنى تىرىلدۈرۈشتىن باشلىنىدۇ. ھەجنى تىرىلدۈرگەن بىرەيلەن، ئۆزىنىڭ كىشىلىكىنى تىرىلدۈرگەن بولىدۇ. ھەجنى تىرىلدۈرگەن بىر ئۈممەت بولسا، يوقىتىپ قويغان غۇرۇر ۋە شەخسىيىتىگە قايتا قايتقۇچىدۇر.

ھەج «يەر شارى خاراكتېرلىك قايتىدىغان ئەھيا بولغانلىق» نىڭ سىمۋولىدۇر. ھەج قىلغۇچى ئاللاھ بىلەن بولغان ئەھدىسىنى يېڭىلىغۇچى ئىنسان دېمەكتۇر. مەككە بولسا ئۆزىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا تەۋە دەپ قارىغان ھەر بىر كىشىنىڭ ئورتاق مەركىزىدۇر. ئۆزىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تەۋە دەپ قارىغان ھەربىر ئىنسان ئۇنىڭ ئەقىدە نىگىزىگە تەۋەدۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى مىلادى 7- ئەسىردىكى جاھالەت دەۋرىدە ئىجابەت بولغىنىدەك، ھەج قايتا تىرىلگەن ۋاقىتتا، 21- يۈز يىلىنىڭ جاھالەت دەۋرى ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا لازىمدۇر.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىرلىكتە كەبىنىڭ ئۇلىنى ئېگىزلىتىۋاتقاندا مۇنداق دەيدۇ:

**«ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەققەتەن**

(داۋايىمىز) نى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، (كۆڭۈلدىكىلەر) نى بىلىپ تۇرغۇچىسەن. ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن. بىزنىڭ ئەۋلادىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن بەندە چىقارغىن. بىزگە ھەجىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن. بىزگە ھەجىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگەتكىن! تەۋبىلىرىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى، سەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇرسەن. ناھايىتى مېھرىبانسەن.» (سۈرە بەقەرە 127، 128 ـ ئايەتلەر)

## 2. ھەج

ھەج ئىبادىتىنى تىرىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەجنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇقۇمىدىن باشلاش لازىم بولىدۇ.

ھەجنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇقۇملىرىدا «بارالايدىغان ئىمكانىيەتكە» ئەھمىيەت بېرىدۇ، بۇ يەردىكى ئىمكانىيەتنىڭ ماددىي ئىمكانىيەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ھەجنى چۈشەندۈرگەندە ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ 97ـ ئايىتىدە ھەجدىن ئىبارەت بۇ ئىبادەتنىڭ ئامىباب بولۇشىغا ئالدى بىلەن دىققەتنى تارتىدۇ. ئايەتتىكى «ئۇنىڭغا يول تاپالىغان» ياكى «ئۇنىڭغا بېرىشقا يول تېپىشقا كۈچى يەتكەن» ئىبارىسىدىكى «سەبىل» (يول) دا پەقەتلا ماددىي ئىمكان كۆزدە تۇتۇلماسلىقى كېرەكتۇر. شۇنچىلىك دەرىجىدە نامرات ئىنسانلار باركى، ھېچقانداق پۇلى يوق تۇرۇقلۇق، ئۇلارغا ھەج قىلىش ئىمكانىيەتلىرى يارىتىلماقتا. شۇنداقلا، ھەج قىلىشنى ئارزۇ قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىبادەتنى ئادا قىلىشتا ئىنتايىن قۇلايلىق پۇرسەتلەر بولماقتا. ھەجنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇقۇملىرىدا بولسا ئىمكانىيەت دېگەندە، پەقەتلا بۇ تۆردىكى پۇرسەتلەرنى نەزەرگە ئالماستىن، ئىقتىسادىي جەھەتتىن باي سانالغان ئىنسانلارغىلا خىتاب قىلىنغان بىر ئۇقۇمدىن ئىبارەتتۇر. ماددىي ئىمكانىيەتلەرنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان بۇ ئۇقۇملارغا قارىماي مۇسۇلمان دۆلەتلەردىن بۇ پەرزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تۈركۈم - تۈركۈم ئىنسانلار ماددىي ئىمكانى بار تۇرۇپمۇ ھەجگە بارالماي قېلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، ھەج قىلىش ئۈچۈن ھېچقانداق بىر پۇرسەت تاپالمىغانلارنىڭ زىممىسىدىن ئاللاھ بۇ ۋەزىپىنى

كۆتۈرۈۋېتىدۇ.

بۇنىڭغا قارىتا ئېيتقاندا، ھەج ھەربىر مۆئمىنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئەھدىسىنى يېڭىلىشى ئۈچۈن پۇرسەت تېپىپ ھەجنى بەلگىلەنگەن مۇئەييەن زامانىدا ۋە بەلگىلەنگەن ماكانلاردا ئادا قىلىشى دېمەكتۇر. ھەجنىڭ پەرز قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ 97 ـ ئايىتى بولسا يۇقىرىقى ئەنئەنىۋى ئۇقۇملارنى يوققا چىقىرىدۇ. ئاللاھ بۇ ئايەتتە: «قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى» دەيدۇ.

بۇ ئايەتنى ئاساس قىلغاندا ھەج قىلىشنىڭ ئىمكاندىن بەكرەك ئىمانغا باغلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئايەتتىكى «قادىر بولالىغان» دېگەن ئىپادىدىكى سۆز تەپسىر قىلىشقا ئېھتىياجى چۈشەنگۈدەك دەرىجىدە ئېنىقتۇر. «قادىر بولالىغان» سۆزىدىن «مىڭلارچە دوللىرى بولۇشى كېرەك» دېگەن مەنە چىقامدۇ؟ ياكى «شەرىئەتتە توغرا بولغان بارلىق يوللارنى سىناپ، ھەج قىلىش» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرەمدۇ؟ ئۇنتۇماڭكى ئەك چوڭ ئىمكان ئىماندۇر. مۆئمىنىڭ ئىمانى ماشىنا توسۇپ دۇنيانى ئايلىنىپ چىقىدىغان دۇنيا ساياھەتچىلىرىنىڭ ئىمكانىيىتىدىنمۇ كۆپرەك ئىمكانىيەت مەيدانغا كەلتۈرىدۇ.

شۇنى ئۇنتۇماڭكى، زىرائەتنى ۋە سۇيى بولمىغان بىر قاقاسلىقتا ھاجەرنى، تېخىچە سۈت ئېمىۋاتقان بالىسى ئىسمائىلنى، قولىدا بار بولغان ئازراق ئوزۇقلۇق ۋە بىر تۆلۈم سۇ بىلەن تاشلاپ قويغان ئىدى. بۇنىڭغا قارىماي ھاجەرنىڭ «بىزنى كىمگە ئامانەت قىلىسەن؟» دېگەن سوئالىغا «ئاللاھقا ئامانەت قىلىمەن» دېگەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا، ھاجەر: «ئاللاھقا ئامانەت قىلدىڭمۇ؟ ئۇنداقتا مەن رازى» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

ھەجنىڭ ناھايىتى باي كىشىلەرگە خاس بولغان بىر ئىبادەت دەپ چۈشىنىلىپ

قىلىنىـــــدىغان كۇنلەرنىڭ كېلىـــــدىغانلىقىنى ئالــــــدىن مۆلچەرلىگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسلىدە ھەجگە ئېھتىياجلىق بولغانلارنىڭ كەمبەغەللەر ئىكەنلىكىنى قانداق بايان قىلغانلىقىنى تۆۋەندىكى ھەدىستىن قاراپ باقايلى: «ھەج ۋە ئۆمرە، تـاۋلاش ئوتىنىـڭ تۆمۈرنىـڭ داتلىرىنـى كۆيـدۈرۈپ يـوق قىلغىنىـدەك، پېقىرلىـق ۋە گۇناھلارنى يوق قىلىدۇ» (ئەزراقى ئەھبارۇ مەككە 1/55 مەككە مۇكەررەمە 1416)

ھەج ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مىراسىدۇر. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدىكى

**«(بۇ) ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر.»** (22ـ سۈرە ھەج 78ـ ئايەت)

دېگەن ئايىتى ئارقىلىق بىزنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مىراس قالدۇرغان يولىنى تۇتۇشقا بۇيرۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلىدىغان يەر، ۋاقىت، مەشائىر ئۈستىدە تۇرۇڭلار. چۈنكى، سىلەر ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ قالدۇرغان مىراسىغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلارسىلەر» (ئەبۇ داۋۇد مەناسىك 63)

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن كېيىنكى بارلىق تەۋھىد ئۈستىدە ماڭغانلارنىڭ ئاتىسىدۇ. ئىنسانلار ئەقىدىدە ئۇنىڭ نەسىللىرى ھۆكمىدىدۇر. ھەج يەنە بىر تەرەپتىن ئىنسانىيەتنىڭ ئىمان جەھەتتىكى ئاتىسىغا بىر ھۆرمەت بىلدۈرۈشتۇر.

ھەج ئىنسانغا «بىر مۇساپىر» ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدىغان ئەسلەتمىدۇر. ئىنسان پەقەتلا بىر مۇساپىر ئەمەس بەلكى، يولنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنىمۇ ئەسلىتىدىغان ئەمەلدۇر. چۈنكى، بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەت دۇنياسىدا، روھنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كېلەچىكى بىلەن ھەقىقەتەن ھايات بىر سەپەردىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. يەنى ھەج «قىلىدىن ئىنچىكە، قىلىچتىن ئۆتكۈر» بولغان پۇلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئىبارەت بولغان ھايات يولىدا، ئىنسان بالىسىغا مېڭىشنى ئۆگەتكەن ئۆگىتىدىغان بىر ئىبادەتتۇر.

ھەج، ئىنسانىيەتنىڭ ئاللاھ تەرەپكە يۈزلىنىشىنى، ھەر بىر مۆئمىن ئۆزى قايتا بېشىدىن ئۆتكۈزۈشتۇر. ھەج، ئادەم رولىنى ئوينىغان ھەر بىر ئىنساننىڭ، يوقىتىپ

قويغان جەننەتنى ئىزدەپ چىققان سەپەردۇر. ھەج، ئىنسان ئەۋلادىنىڭ يىراقلىشىپ كەتكەن پىترىتىگە قايتىپ كېلىشىنىڭ نەمۇنىلىك بىر تەلماتىدۇر. ھەج، ئۆز- ئۆزىگە ياتلاشقان كىشىلىكنى، كىملىكىنى، شەخسىيىتىنى تېپىپ، ئۆز- ئۆزى بىلەن تونۇشۇپ ۋە چىقىشىپ ياشىشى ئۈچۈن باشلىغان ئالىيجاناب سەپىرىنىڭ ئىسمىدۇر. قىسقىسى ھەج، مەھشەرنىڭ مانېۋىرىدۇر.

## 3. ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىش

ئادەم بولدىكىز، يۈتتۈرۈپ قويغان جەننىتىڭىزنى تېپىش ئۈچۈن چىقىسىز. غايىب بولغان جەننىتىڭىزنى، يەنى يۈتتۈرۈپ قويغان ئۆزىڭىزنى، يىراقلىشىپ كەتكەن تەبىئىتىڭىزنى، گۇناھ ۋە ئىسيان بىلەن بۇلغانغان ۋىجدانىڭىزنى، خارابىلىككە ئايلانغان يۈرىكىڭىزنى، قەدىمى ۋە زامانىۋى خۇراپىيلىقنىڭ ئەخلەتى بولغان ـ ئەخلەتخانىغا ئايلانغان ئەقلىڭىزنى، يەنى دەل پوسكاللىسىنى ئېيتقاندا ئۆزىڭىزنى ئىزدەشكە چىقىسىز.

بىر تەرەپتىن بالا ۋاقتىڭىزدىكى غۇبارسىزلىقىڭىزنى ئىزدەيسىز، تاقىۋالغان ماسكىلىرىڭىز تۈپەيلى، كۆرۈنمەس ۋە ئايرىغلى بولمايدىغان ھالغا كەپ قالغان ھەقىقىي يۈزىڭىزنى بايقاپ، ھايات مۇساپىڭىزدىكى ئىلاھى بىر سىنارىيىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن چىقىسىز.

سەن ئۈزۈن يولغا چىقىشقا ھۆكۈم قىلىنغان بىر قۇلسەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ رولىنى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ رولىنى، ھاجەر ئانىمىزنىڭ رولىنى ياخشى ئېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن تەرك ئېتىشنى ئۆگىنىسەن. بۇنىڭ بىلەن بۇلارنى تەرك ئەتمەي تۇرۇپ تاپالمايدىغانلىقىڭنى ئىسىڭدىن چىقارمايسەن.

ھەرەمنى، شەھرىڭنى، ئۆيۈڭنى تەرك ئېتىسەن. شۇنىڭ بىلەن ھىجاز تۇپرىقىدا بولغان يۇرتۇڭ، مەككە شەھرىڭ، كەئبە ئۆيۈڭ بولىدۇ. ياخشى كۆرگەن ئادەملىرىڭنى،

يېقىنلىرىڭنى، دوستلىرىڭنى تاشلاپ كېلىسەن.

ئـادەم، ھەۋۋا، ئىـبراھىم، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملار ۋە ھاجەردەك يېڭـى دوسـتلار بىلەن تونۇشىسەن. ئەتراپىڭدىكىلەرنى بولســـــا تەرك ئېتىسەن. ھەممەيلەن ســــاڭا ئوخشاش مۇساپىر بولغان يېپ - يېڭى بىـر مۇھىت ئىچىگە كىرىسەن. سـېنىڭ ئالغان ئۇنۋانلىرىڭ، نام- شەرىپىڭ، شـانىڭنى، سـېنىڭ بەلگەڭنى، دەرىجەڭنى، مەۋقەيىڭنى تاشلايسەن. ئۇستۇڭگە كىيگەن ئېھراملىق بولسا سـېنى ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ قىلىـدۇ. يەنى پەقەتلا ئىنسانىيەتكە - يەنى ھەقىقىي ئىنسانىيەتكە.

غۇربەتچىلىك بولمىغـان يەردە ئېرىشىشـنىڭ بولمايـدىغانلىقىنى بىلىـپ يېتىسەن. سەن نامازغا تۇرغاندا ئىككى قولۇڭنى تەكبىرگە كۆتـۈرۈپ بـۇ دۇنيـانى ئارقاڭغـا قانـداق تاشـلىغان بولسـاڭ، ھەجـدىن ئىبـارەت بـۇ قۇتلـۇق سەپەرگە ئاتلانغىنىڭـدىمۇ شـۇنداق قىلىسەن. ھەمدە شۇنداق نىيەت قىلىشىڭ كېرەك.

نىيەت يەنى مەقسەت قىلىش، نىممىنى نىمە ئۈچۈن قىلىشنى بىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

قايسى بىر ئىشنى نىمە ئۈچۈن قىلىـدىغانلىقىنى بىلمىگەنلەرنىڭ ئـۇ ئىشـنى قانـداق ھالدا قىلغانلىقىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيتى يوقتۇر. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ نـاۋادا بـىرى بىـر ئىشنىڭ نىمە ئۈچۈن قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمىسە ئۇنى قىلغـان بىلەنمۇ بەرىبىر مەنىسـى بولمايـدۇ. بىـر ئىشـنى قىممەتكە ئىگە قىلغىنــى بولسـا چۈشەنچىدۇر. ئىنســانلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئــادەتتىكى بىــر جانلىقنىــڭ ھەرىكىتىــدىن پەرقلەندۇرگەن نەرسىمۇ چۈشەنچىدۇر. چۈشەنچە ئاســتىدا ئىلىــپ بارغــان ھەرقانــداق ئەمەل ئىنســانىنى ئىنسانلاشــتۇرىدۇ. بــۇ ھەرىكەت ئىنســاندىن ســادىر بولغــانلىقى ئۈچــۈنلا ئەمەل ھېسابلانمايدۇ. بەلكى، چۈشەنچە تەسىرىدە ئىنسانلاشـقىنى ئۈچۈن ئەمەل بولىـدۇ. ئـۇ ئەمەلنىڭ سالىھ بىر ئەمەل بولۇشى، پاسىق بىر ئەمەل بولماسـلىقى، پاسىت بولغـان بىـر ئەمەل بولماسلىقى بولسا ئۇنىڭ ئارقىدىن كېلىدۇ. چۈنكى ئىبـادەتنى ئىبـادەت قىلغىنـى

بولسا نىيەتتۇر.

تىل بىلەن دېيىشنىڭ بىر مەنىسى يوق. تىل بىلەن سۆزلەش پەقەتلا دىلنىڭ مەقسىتىدۇر. ئەقىلنىڭ نىيىتى چۈشەنمەك. قەلبنىڭ نىيىتى مەرىپەت، بەدەننىڭ نىيىتى ئەمەلدۇر. قەلبنى ئىشقا سالماستىن قىلىنغان نىيەت شاتۇتىنىڭ دورىشىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەستۇر.

نىيەت چۈشەنچىنىڭ بىر ھالىتىدۇر..

نىيەت ـ ئىبادەتنى ئادەتتىن ئايرىغان نەرسىدۇر.

مەقسەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلگەن بولساڭ يولغا چىقساڭ بولىدۇ. «نېمە سەۋەبتىن ۋە نېمە ئۈچۈن؟» سوئاللىرىغا توغرا شەكىلدە جاۋابىنى بېرەلىگەن بولساڭ، ھېچقانداق چاتاق يوق.

ئۆزۈڭنىڭ مەككىسىنى فەتھ قىلىش ئۈچۈن مەدىنىنىڭ قىبلىسىگە يۈرۈش قىلىسەن. ئۆزۈڭنىڭ مەنتىقىسىنى ياشاش ئۈچۈن يولغا چىقىسىز. مەنتىقىڭىزنى ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ رولىنى ئېلىش ئارقىلىق ئادەم بولۇش ئۈچۈن يولغا چىقىسىز. ھەر كۈنى يۈز كەلتۈرگەن قىبلىڭىزگە، ۋەدىنامىڭىزنى يېڭىلاش ئۈچۈن غايىۋى نەرسىنى تونۇش بولغان ۋىجاھىيەگە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، يولغا چىقىسىز. شۇنداق بىر ئويلاپ باققىنكى، ھاجەر ئانىمىزمۇ سەندەك مۇھاجىر شۈكلاشقا شۇنداق ئاتالمىغانمىدى؟ ئۇمۇ تەقدىرىگە، ئاشىق بولغان ۋە خۇشاللىقلىرىغا تېگىشمىگەن دەردىگە قاراپ يۈرۈش قىلمىغانمىدى؟

غۇربەت نېمە؟ سىلە ـ رەھىمچۇ؟

ۋەتەن نېمە؟، پايتەختىچۇ؟

مەككە نېمىدۇر، مەدىنىچۇ؟
مەركەز قەيەردە؟، ئەتراپىچۇ؟
دوست قەيەردە؟، ئەتراپتىكى دۈشمەنچۇ؟

يېگىـــدىن ئـــويلىنىپ يۈرىكىڭـــدىكى تۈتامسىز ۋەتەن ئۇقـــۇمىنى توغرىســـى بىلەن ئالماشتۇرغىلى چىقىسەن.
يۈرىكىڭدىكى نىلون چېگرالارنى، سىنتاكسىسلىق كىملىكلەرنى، ئارىلىق رايونلارنى، يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن مىنالارنى ۋە تىكەنلىك سىملارنى، كۆڭـۈل خەرىتەڭنى باشـتىن-ئاياغ ئۆچۈرۈپ يېڭىدىن سىزىپ چىقىش ئۈچۈن يولغا چىقىسەن.
مېڭىش بىلەن بارغىلى بولمايدىغانلىقىنى، لېكىن بېرىش ئۈچـۈن مۇتلەق مېڭىشىمىز كېرەك ئىكەنلىكىنى ئەقلىمىزدىن چىقارماستىن يولغا چىقىمىز.
«بۇ دۇنيادا بىر غېرىب يولۇچى بول» دېگەن سۆيۈملۈكلەرنىڭ سۆيۈملۈكىگە قـۇلاق سـېلىش ئۈچـۈن، مەھشەرنى دۇنيـادا كـۆرۈش ئۈچـۈن ئاتلىنىسەن. يۈكـۈڭ ھاجەر ئانىمىزنـىڭ يۈكـىدىن يەڭگىل ۋە ھەرگىزمۇ ئۇنتـۇپ قـالمىغىنكى، شىر نەگە بارسـا ئولجىسىمۇ شۇ يەرگە بارىدۇ.
سـېنى ھەجگە چاقىرغـان زات، سـېنىڭ قەلبىڭنىڭ پـاكىز بولۇشىنى خالايـدۇ. سەن رەببىڭدىن ئىبارەت بۇ مۇبارەك مېھمىنىڭنى پاك قەلبىڭگە دەۋەت قىلىشقا ھازىرلىنىسەن.
خۇددى يۇنۇس ئەمرەنىڭ:

قەلبىڭنى، دىل ئۆيۈڭنى پاكىزلا،
يار كېلىدۇ. مېھمان بولۇپ

دېگىنىدەك ۋە شەيخ غالىپنىڭ؛

دۈشمەننى ھەيدە چىقارغىن
تەجەللى ئەتسۇن ھەق تىلىمىزدا
پادىشاھ چۈشمەس سارايغا
خانە باياشات بولمىسا

دېگىنىدەك يۈرىكىڭنى، خارابىلىكتىن پاكىزلايسەن. قىستاڭچىلىقلارنى، كۆپۈك ۋە داشقاللارنى، پەسكەش سەۋدالارنى، بۇزۇق ھاياجانلارنى، قارا سەۋدالارنى، قۇرۇق خىياللارنى، بىر سىنىقتا ئەرزىمەس ھاۋايى - ھەۋەسلەرنى كەلگەن يېرىڭگە قويۇپ قويىسەن.

كۆكسۈڭگە ئاللاھ سۇبھانەھۇ تائالانىڭ ئېسىپ قويغان ئەڭ تەسىرلىك تىلتۇمارىڭ بولغان يۈرىكىڭ، سېنىڭ كەئبەڭدۇر. كەئبەڭنى بۇتلاردىن تازىلاش ئارقىلىق چىقىسەن. ئۇنۇتمىغىنكى، دۇنيا ۋە دۇنيا ئىشلىرى بىر ئوكياندۇر، يۈرەك بولسا پاراخوتتۇر. ئەگەر سۇ پاراخوتنىڭ ئىچىگە كىرسە چۆكىدۇ. سۇغا چۆكمەسلىك ئۈچۈن يۈرىكىڭگە ھاكىم بولۇشۇڭ كېرەككى، سۇ كىرمەيدىغان ھالدا بولسۇن. ئۇنۇتمىغىنكى، سۇ كىرىپ كېتىدىغان پاراخوت دېڭىز سەپىرىگە چىقمايدۇ.

ئامانەتلەرنى ئامانەت قىلىشنى ئۆگىنىسەن. ئاللاھنىڭ ساڭا ئامانەت قىلغانلىرىنى، سىنىڭ ئاللاھقا ئامانەت قىلىشتىن قېچىشىڭىز نىمە دېگەن خەتەرلىك. چۈنكى، ئىشىڭنى، جۈرەڭنى، ئېشىڭنى، يولدىشىڭنى، كۈرەشلىرىڭنى ئاللاھقا ئامانەت قىلىسەن. ئۇنۇتما، ئاللاھ ئامانەتلەرگە خىيانەت قىلمايدۇ. سەن خىيانەت قىلساڭمۇ ئۇ قىلمايدۇ.

چىقىدىغان مەھشەر مايدانىدا ئۇنىڭدىن باشقا ئامانەتچى ئىزدىمەيسەن. چۈنكى

سەن ئەسلىدىنلا ئۆزۈڭگە تەۋە ـ سەن. ئۆزۈڭ تەرىپىدىن كەلدىڭ يەنە ئۆزۈڭ تەرىپىگە قايتىسەن. ئۇنۇتمىغىنكى، ھەج دەل بۇ كىلىپ كېتىشنى دۇنيا ھاياتىدا ئەمەلى باشتىن كەچۈرۈشتۇر.

خۇددى قەلبىڭگە ئوخشاش زېھنىڭنىڭ بىسمىلارنىمۇ قالدۇرۇپ قويىسەن. بۇ ئىشلارنى بۇ ئاشىقىنىڭ سەپىرىدە يوقلۇق قىلماسلىق كېرەك. كېرەكسىز يۈك سەپەرنى تەسلەشتۈرىدۇ. مۇساپىرنى سەپىرىدىن توسۇپ قويغان يۈك، ئىگىسىگە رەھمەت ئەمەستۇر.

تەسەۋۋۇرۇڭنى ئۆچۈرۈپ، يىگىدىن قىلىشىڭ. چۈشەنچىلىرىڭنى يوق قىلىپ، ھەجدە يىگىدىن تۇرغۇزۇشىڭ كېرەك. ئەقلىڭدىكى، «بىلىمەن، چۈشىنىمەن» دېگەندەكلەرنى بىرمۇ ـ بىر كونترول ئاستىغا ئېلىشىڭ كېرەك. بىلگەنلىرىڭنى قانچىلىك بىلىسەن؟ زېھىن ئۆچۈقمۇ؟ ئەقلىڭ، ھەقىقەت بىلەن سېنىڭ ئوتتۇرۇڭدا بىرەر باغلىنىشلىق كۆرۈۋاتامدۇ؟ ياكى بولمىسا ئەقلىڭنى ھەقىقەتنىڭ مەۋقەسىگە قويۇپ ئەقلىڭگىمۇ، ھەقىقەتكىمۇ زۇلۇم قىلىۋاتامسەن؟ يەنە باشقا ئىپادە بىلەن؛ ئەقلىڭنى ئاتىنىڭ ئورنىغا قويۇپمۇ ياكى ماشىنىنىڭ ئورنىغا قويۇپ ماڭدىڭ؟ ياكى ھارۋىچى مەۋقەسىگە قويدۇڭمۇ؟

يول بويى ھەر بىر قەدەمدە قالدۇقلارنى تاشلاپ مېڭىشىڭ كېرەك. خۇددى تەرلەپ توكسۇنلارنى چىقىرۋەتكەن بەدەنگە ئوخشاش. يۈرەك تەرى، پىشانە تەرى، زېھنىدىن تەرلەر تۆكۈشۈڭ كېرەك. يۈرىكىڭ سىقىلىشى، پىشانەڭدىن تەر چىقىشى، كۆزلىرىڭ يىغلىشى كېرەك. يىغلىيالمىساڭ، يەقەتلا يىغلىيالمايسەن. جەننەتتىن قوغلانغان ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش، چاقىرىلغان جايغا قوبۇل قىلىنارمەنمۇ؟ ياكى ئىشىك تۈۋىدىن قايتۇرۇلارمەنمۇ؟ ئەندىشىسى ئىچىدە يول ئېلىشىڭ كېرەك. يۈرىكىڭنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدىن بىر ئاشىق ئازابى تارتىشىڭ كېرەك.

سەن تېخى خام، پىششىقلىنىشىڭ كېرەك. پىشىپ يېتىلىشىڭ كېرەك، پىشىپ يېتىلىش يۇقۇرى سەۋىيەدۇر.

يۇقۇرى سەۋىيەنى كۆزلەيدىغانلارنىڭ ئىشى «قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بىرىشتۇر» ئاشىقنىڭ ھەسرىتىنى يەكۈنلەنگەن ئىمزىگىلەردىن ئىمتىنىشىڭ كېرەك. ھەسرەتنىڭ يۈرىكىنى چۆلگە، كۆزلىرىنى كۆلگە بۇرىشىڭ كېرەك. ئۇ يەرگە سەن بارماستا، يۈرىكىڭنى يوللىشىڭ كېرەك. سىنى ئېلىپ بارغان پۇتلىرىڭ ئەمەس، يۈرىكىڭ بولىشى كېرەك. يۈرىكىڭ توختاپ قالسا، پۇتلىرىڭغا يۈك بولۇپ قالماسلىقىڭ كېرەك.

يۈرىكىنى قۇش كەبى ئۇچۇرغانلارنى، پۇتلار تاش كەبى كۆتۈرىدۇ.

## 4.مىقات

توختا، مۇنداقلا قولۇڭنى ئىككى يانغا سېلىپلا ھەرەم رايونىغا كىرسەڭ بولمايدۇ. تېخى ئادەم بولمىدىڭ، چۈنكى ئادەم بولۇشۇڭ ئادەم ئەلەيھىسسالام بولۇشۇڭ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىنغان بىر تۇپراقنىڭ چېگراسىدا-سەن. بۇ چېگرالارغا "مىقات" دەپ نام بېرىلگەن. ئۇنۇتمىغىنكى، بۇ چېگرالارنى جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئاللاھ بەلگىلىگەن. مىقاتنى مەھشەرگاھنىڭ چېگراسى دەپ بىلسەڭمۇ بولىدۇ. يولغا قايسى خىل ۋاستە بىلەن چىقىشىڭدىن قەتئىي نەزەر، مەھشەر كىيىمىڭنى چوقۇم ساڭا ئەڭ يېقىن مىقاتتا كىيىشىڭ كېرەك.

ئايال بولساڭ، ھەرەم رايونىغا ئەركەكلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ يارىشىپ كېتىسەن. چۈنكى ئاياللارمۇ خۇددى مۇشۇ رايونغا ئوخشاشلا «ھەرەم» دۇر، «مەھرەمدۇر». قولۇڭنى ۋە يۈزۈڭنى مۇتلەق ئوچۇق قويۇشۇڭ كېرەك، ئۆزۈڭنى تونۇتۇشۇڭ كېرەك. يۈزنىڭ قانچىلىك قىممىتى بار، ماسكىلار ئېلىۋېتىلىدىغان مەھشەرگە قاراپ كېتىۋاتىسەن.

كىيىملىرىڭ ئاددىي بولۇشى ۋە كېپەنلىكنى ئەسلىتىدىغان بولۇشى كېرەك. گىرىم ۋە زىننەتلەردىن ئۇزاق تۇرۇشۇڭ كېرەك. بەدەننىڭ كەينىگە، رەھنىڭ ئالدىغا چىقىرىلىدىغان بىر مەھشەردىسەن، بۇنى ئۇنتۇما ۋە يەنە ئېسىڭگە ئالغىنكى، روھنىڭ جىنسىيىتى يوقتۇر.

ئەر كىشى بولساڭ، ئالدى بىلەن جىنسىيەت جەھەتتىن، ئەرلىكىڭنى ئىپادىلەپ

قۇيـــدىغان بـــارلىق سىمۋوللارنى تەرك ئېتىشىڭ كېـــرەك. بـــاي بىلەن يوقســـۇلنىڭ، خوجايىن بىلەن خىزمەتچىنىڭ، گېنېـرال بىلەن ئەسـكەرنىڭ، ئـامىر بىلەن مەمۇرنىڭ، كـــاتتىۋاش بىلەن نورمـــال پۇقرانـــىڭ ئـــوپ ئوخشـــاش ھالغـــا كەلگەن بىـــر مەھشەر مانىنۋېرىدىسەن. رۇتبە، ماقـــام، مەۋقى، جەمئىيەتتىكى ئورنـــۇڭ، مـــال-دۇنيايـــىڭ، شـۆھرىتىڭ ۋە بىلىمىڭنـى ئىپادىلەيـدىغان كىيىملەرنىڭ ھېچقايىسىسىنى كىيەلمەيسەن. مەھشەر مەيدانى، دىنى، ئەسكىرى، سىياسىي، ئىلمى، ئىقتىسادى ئورنـۇڭنى كـۆز-كـۆز قىلىـپ، داۋراڭ سـالىدىغان بىـر يەر ئەمەسـتۇر. ئـۇ يەردىكى بىردىنبىر دەرىجە پەرقى، مەڭگۈلۈك گۈزەللىكتۇر.

ئـادەم سەن، ئـادەم ئاتىمىزغا ئوخشـاش، ئىرقلاردىـن ئۈسـتۈن، مىللەتتىن ھـالقىپ ئۆتكەن، ئـــادەم ئـــاتىمىزدەك رەڭلەردىن ئۈســـتۈن، ئـــادەم ئـــاتىمىزدەك مىللەتلەر چېگراسىدىن ھالقىغان بولۇشۇڭ كېرەك.

ئىرقىڭنـــى، قەبىلەڭنى، قەۋمىڭنى، مىللـــىتىڭنى، تەۋە بولغـــان ئىجتىمـــائىي ۋە سىياسىي تەرەپلىرىڭنى بىـــر تەرەپكە قـــايرىپ قويۇشـــۇڭ كېرەكتـــۇر. بـــايراقلارنى، دۆلەتلەرنى، چېگرالارنـى، تـۇغلارنى ئارقاڭغا تاشـلاپ قويۇشـۇڭ كېـرەك. سەن ھەجـدە پەقەت ۋە پەقەت ئۆزۈڭلا بولۇشۇڭ كېرەك. پۈتۈن بۇلار سېنى ئۆزۈڭ بولۇشقا توسـقۇنلۇق قىلغان نەرسىلەردۇر.

ئادەم ئاتىمىزدەك يەر يۈزى ۋەتىنىڭ، شەيتان دۈشـمىنىڭ، ئىنسـانىيەت مىللىتىـڭ، ئادالەت دۆلىتـىڭ، جەننەت غايەڭ، دۇنيـا ئۆلكەڭ، مەككە پايتەختىڭ، تەۋبە ۋە دۇئـا تىلىڭ، ئاشىق يۈكۈڭ، ئىمان دەرىجەڭ، ئاللاھ دوستۇڭ بولۇشى لازىم.

ئادەم ئاتىمىزدەك جەننەتتىن دۇنياغا قوغلانغـان سۈرگۈنسەن. غۇربەتتە، غېرىپسەن. بىر قېتىم قوغلاندى بولدۇڭ. يەر يۈزىگە بىر ئايەت كەبى نازىل بولدۇڭ (چۈشۈرۈلدۈڭ). يىگىدىن بىخ سۈرىۋاتقان بىر ئۇرۇق، مىڭ مېۋە بەرگەندەك، ئەسلى ماكانىڭنى ئىزدەپ،

باشقىلار ئىگە چىقمايدىغان يىگانە يېرىك بولغان روھىڭىنىڭ قوللىرىدا يېتىشىپ ئادەم بولىسەن.

ساڭا ئوخشاش يەر يۈزىنىڭ ھەر تەرىپىدىن ئادەم بولۇش ئۈچۈن كەلگەن، ئادەم بولىدىغانغا كەلگەن يۈزمىڭلارچە، مىليونلارچە كىشىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە، بىلىشىشكە، تونۇشۇشقا، قۇچاقلىشىشقا توسالغۇ بولىدىغان ھەر تۈرلۈك ئېپادىلەرنى ھەم ئۈستى بېشىڭدىن ھەمدە زېھنىڭدىن ۋە يۈرىكىڭدىن يۇلۇپ تاشلىشىڭ كېرەك.

پەقەت ئۈستۈڭدىكى كىيىم-كېچەكلىرىڭنىلا ئەمەس، ئىچىڭدىكى سېنى ئالاھىدىلەشتۈرىدىغان تۈيغۇ ۋە چۈشەنچىلىرىڭنىمۇ مىقاتتا تاشلىۋېتىسەن، ھارام تۈيغۇ ۋە چۈشەنچىلىرىڭ بىلەن ھەرەمگە كىرىپ، ئىلاھى چەكلىمىلەرگە مەنىۋى تاجاۋۇز قىلىدىغان ئىشنى قىلىپ سالماسلىقىڭ كېرەك.

ئاناڭدىن تۇغۇلغان پېتىڭ، يەنى «ئۆممى (ئوقۇش يېزىشنى بىلمەيدىغان، پاك)» بولۇپ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا كېلىشىڭ كېرەك. ئاناڭدىن تۇغۇلغاندەك گۇناھدىن پاكلىنىپ، پاك-پاكىز قايتىشنى ئويلىساڭ، بۇنى چوقۇم ئورۇنلىشىڭ كېرەك. شۇنى ئوبدان بىلىۋالغىن، بېرىشىڭ قايتىشىڭنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. ئۈستى بېشىڭدا دۇنيالىق مەرتىۋە ۋە دەرىجىلەردىن ھەرقانداق بىرىنى ئېلىپ يۈرۈشۈڭ، ئالاھىدە مۇئامىلە ئىستىگەنلىكىڭگە يەنى ئايرىمچىلىق قىلغانلىقىڭغا دەلىل قىلىنىپ، مەنپىي خانەڭگە يېزىلىدۇ.

## 5. ئىھرام

ئالدى بىلەن " لا" دېدىك بۇ «يوق» ، «ياق» دېيىشتۇر. ھەر"لا" بىر رەت قىلىشتۇر، بىر يالىڭاچلىنىشتۇر، بىر ئىتىرازدۇر. بۇنى دېگىنىڭدەك يېشىنىسەن. ئاندىن تۇغۇلما ھالەتكە كەلگەندىن كېيىن، گوياكى قەبرەڭدىن قوپۇپ مەھشەرگە كەلگەن كىشىدەك كېپەنلىكىڭنى ئۈستۈڭگە ئارتىۋالىسەن. كىيىمىڭ پەقەت بۇ ئىككى پارچە تىكىلمىگەن، بويالمىغان، زىننەتسىز، ئاددىي ۋە ئاق رەڭلىك پاختا رەختتىن تەشكىل تاپقان بۇلىشى كېرەك.

نامازغا نىسبەتەن تەكبىر ئېيتىش قانداق ئورۇندا بولسا، ھەجگە نىسبەتەنمۇ ئىھرام ئەنە شۇدۇر. تەكبىر ئېيتقان كىشى، دۇنياسىنى قۇلىنىڭ كەينى بىلەن ئارقىغا ئىتتىرىدۇ. ئىھرام باغلىغان كىشىمۇ، دۇنياسىنى ئۈستىدىن تاشلاپ مەقسەتسىز، مەرتىۋەسىز، تەبىئىي بىر ھالەتتە كېلىدۇ. پەقەت بىرلا دەرىجىسى باركى ئۇ بولسىمۇ: قۇللۇق (بەندىلىك).

دۇنيانىڭ مەركىزىگە، ئاشىقنىڭ مەركىزىگە، ئاق كەپتەرلەردەك تىنچلىققا سىمۋول ھالدا مېڭىشىڭ كېرەك. ئاشىقلارنىڭ ئاشىقنى ئەبەدىلەشتۈرگەن نەزم ۋە نەسىرلىرىنىڭ باش مەزمۇنلىرىدىن بىرى «بېشى ئوچۇق، يالاڭئاياق» دۇر. سەنمۇ رەبىڭنىڭ ھوزۇرىغا مۇشۇنداق كېلىشىڭ كېرەك. بېشىڭدا يا تۇمىقىڭ، يا سەللەڭ، يا دوپپاڭ، يا ئاق بۆكۈڭ ۋە يا قالپىقىڭ، ياكى ئەرەنچە ياغلىقىڭ بولمىسۇن.

بېشى ئوچۇقلۇق كەمتەرلىكنى، خىجالەتنى، كۆڭلى ياخشىلىقنى، موھتاجلىقنى

ئىپادىلەيدۇ. يالاڭئاياقلىقمۇ ھەم شۇنداق.

شۇنى ئۇنۇتمىغىنكى، سەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كىرگەن تۇۋا جىلغىسىدىنمۇ مۇقەددەس بىر جىلغىدا، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە كىرگەن جىلغىدا، سىنىڭ ئاللاھقا بەرگەن ۋەدەڭنى يېڭىلاش ئۈچۈن كىرىپ كېلىۋاتىسەن. مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تۇۋا جىلغىسىغا كىرگەندە «ئاياغلىرىڭنى سېلىۋەتكەن» (20 ـ سۈرە تاھا 12 ـ ئايەت) دېگەن. ئەمرىگە سەنمۇ بويسۇنۇپ، ئاياغلىرىڭنى چىقىرىسەن. پۇتۇڭنىڭ يوكۈڭنى ئۇزۇن مۇددەت توشۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەسلىكىدىن قورقساڭ، پەقەت ئالدى ۋە كەينى ئوچۇق بولغان سەندەل (ئاياغ كىيىمى) ئوخشاش يالاڭ ئاياغلىق سىمۋولىنى بۇزۇۋەتمەيدىغان بىر نەرسە كىيىشىڭگە رۇخسەت باردۇر. پايپاق كىيىش قەتئىي چەكلەنگەندۇر. ئۇ تۇپراقلارنىڭ بەدىنىڭ بىلەن تونۇشۇۋېلىشىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە توسمايسەن.

ئۆزۈڭنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالما، ۋۇجۇد تۇپرىقىڭ بىلەن ھەرەم تۇپراقلىرى ئوتتۇرىسىدا بىۋاسىتە ئالاقە قۇرۇلۇشى كېرەك. پۇتۇڭدا ئوخشاش بىر تۇپراق ئۈستىگە دەسسىگەندەك دەسسىشىڭ كېرەك. ھەرەم تۇپراقلىرىدىن، روھ ئېقىمىڭمۇ پايدىلانسۇن. مۇبارەك زېمىننىڭ رەھمەت بولاقلىرىدىن يۈرىكىڭنى تولدۇرۇش ئۈچۈن پۇتۇڭ بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىغا ئېقىم ئۆتكۈزمەيدىغان نەرسىلەرنى قويماسلىققا دىققەت قىلىشىڭ كېرەك. سىنىڭ بىلەن ھەرەم ئارىسىدا بىر بىلىشىش، بىر ئۆتكۈزۈش بولۇشى كېرەك. ئۇنتۇماسلىقىڭ كېرەككى، جۇغراپىيەنىڭمۇ بىر تىلى، بىر قەلبى ۋە بىر ئەستە ساقلىغۇچىسى بار.

ئۆزۈڭنىڭ لىبىنى مۇبارەك زېمىننىڭ لىبى بىلەن، خېمىرىنى خېمىرى بىلەن، روھىنى روھۇڭ بىلەن، قەلبىنى قەلبىڭ بىلەن، ئېشىنى ئېشىڭ بىلەن، ئۆتمۈشى ۋە

كەلگۈسىنى ئۆتمۈشـــۈڭ ۋە كەلگۈسىڭ بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشـــۈڭ كېـــرەك. بەدەنگە بەدەنىڭنىڭ ھەققىنى، روھقا روھىڭنىڭ ھەققىنى، يۈرەك ۋە ئەقلىڭگىمۇ ئۇلارنىـڭ تېگىشلىك ھەققىنىڭ ھەممىسىنى بېرىشىڭ كېرەك.

ئىھرامنى باغلىدىڭ ۋە دۇنيا كەينىڭدە قالدى، ھەرگىزمۇ گىرىم بۇيۇملىرى ئىشلىتىپ قالما. بۇ كۈن جەسەتنى قوغداش كۈنى ئەمەستۇر. بۇ كۈن ماسكىلار ئېلىپ تاشـلىنىپ، ئىچىمىزنىڭ تېشىغا چىقىرىلـىـدىغان كۈنـىـدۇر. تاغـاق يـوق، ئەينەك يـوق، ئەتىر يـوق، قايچا يوق، ۋۇجۇدۇڭغا ئارتۇقچە كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىشلىرىڭ ئەمدى يېتەر.

ھـازىر، ئىچىڭگە يۈزلەن، روھىڭنـى بىـزە، ئـۇنى گۈزەللەشـتۈر. بـۇ يەر، كونۇۋېرتقا ئەمەس، ئىچيــــدىكى خەتكە، پوســـتىغا ئەمەس مېغىزىغـــا، نىقابقـــا ئەمەس، يۈزىگە قارىلىدىغان جايدۇر.

مەھشەردە تاشـــقى زىننەتلەرگە قارالمايـــدۇ. «خەق نېمە دەپ قـــالا؟» دېگەن قايغۇنـىـڭ ئـورنىنى «ئـاللاھ نېمە دەيدىغانـدۇ؟» دېگەن قـايغۇ ئالـىـدىغان ماقامـدۇر. «كۆڭلىمىزدىكىنى بىلىدىغان» زاتنىڭ ھۇزۇرىغا چىققاندا، ئېتىبـار بېرىشكە تېگىشلىك بولغىنى، ۋۇجۇدى ئەمەس روھىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچـۈن چېچىـڭ ۋە ساقلىڭ بىلەن بولـۇپ قالمـا، چاچ، سـاقال ئېلىشقا بولمايـدۇ. دانە ـ دانە چاچلىرىڭغـا، ۋۇجۇدۇڭنـىـڭ تۈكلىرىگە، ھەتتا تىرناقلىرىڭـدىن تـارتىپ، بەدىنىڭنىڭ ھەرقانـداق بىـر يېرىگە چېقىلىشقا بولمايـدۇ. ئـۇ دەپتەر ھازىرچە يېـپـىپ قويۇلـدى. ئەتىر سـوپۇن ۋە چـاچ سـوپۇنىمۇ ئىشلىتىشـكە بولمايـدۇ. بولمىسـا تەبىئىتىڭ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

قېنى ئاناڭدىن تۇغۇلغاندەك گۇناھلاردىن پـاك ھالەتكە قايتىشنى ئويلايتـتىڭغۇ؟ بـۇ يەرگە شۇڭلاشقا كەلمىگەنمىدىڭ؟ ئۇنداقتا بۇ ئارزۇيۇڭنى يالغانغا چىقىرىـدىغان بـارلىق شەيئىلەرنى تاشلىۋەت. ھەرىكىتىڭ نىيىتىڭنى يالغانغا چىقارمىسۇن. چىرايلىق كۆرۈنۈش

ئۆچــۈن بەدىنىڭگە قىلىنغـــان ئۆزگەرتىشـــلەر، ھەربىر ئـــازايىتىش ۋە قوشـــۇش، تەبىئىيلىشىش نىيىتىگە ئۇرۇلغان بىر زەربىدۇر. ئۆز تەبىئىتىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچـۈن ئاتلانغان يولدا، سېنى سۈنئىيلەشتۈرگەن، تەبىئىتىڭدىن يىراقلاشتۇرىدىغان ئىشلاردىن يىـراق تۇرۇشـۇڭ كېـرەك. بـۇ يېقىـن كەلگىلى بولمايـدىغان ھالىتىڭگە بېرىلگەن بىـر بۇزغۇنچىلىقتۇر..

ھەر بۇزغۇنچىلىقنىڭ بىر جازاسـى بـاردۇر ۋە بۆلىشـى كېـرەك. قۇربـانلىق قىلىشـتىن ئىقتىسادىي جازاغىچە بولغان ھەرخىل جازالارنى چوقـۇم ئورنىـدا ۋە ۋاقتىـدا ئورۇنلىشىڭ شەرت. ئەگەر ئۇنداق ياكى مۇنـداقلا قىلىـپ قويساڭ، قىسقا مـۇددەت ئىچىـدە بولسىمۇ ئىنتىزامچان ياشاش توغرۇلۇق قانچىلىك يېتەرسىز ۋە ئاجىز ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلىــپ قالىسەن. ئەسـلىدىمۇ ئىھـرام چەكلىمىلىرىنىڭ مەقسىتىمۇ سـاڭا ئـاللاھ ئالدىـدىكى ئاجىزلىقىڭنى ۋە يېتەرسىزلىكىڭنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈندۇر.

قـارا ئەي ئـادەم ئەۋلادى! شـۇ بىرقانچە كـۈن بولسىمۇ كەمچىلىكى يـوق ۋە گۇنـاھ ئۆتكۈزمەستىن ياشىيالامسەن؟ مانـا قـارا سەن شـۇنچىلىك. شـۇنداق تۇرۇقلـۇق ئاللاھقا قىلغان تەكەببۇر مۇئامىلەڭگە نىمە دېگۈلۈك ئەمدى؟

ئۇنـداقتا كەل، ئـاجىزلىقىڭنى ئېتىراپ قىـل ۋە ئـۆزۈڭنى بىلىـۋال. بوينـۇڭنى پـۈك، قولۇڭنى ئاچ ۋە ئاللاھقا يالۋۇر!.

شەخسـى مەھشىرىڭنى باشـتىن كەچۈرۈش ئۈچـۈن كېيەنلىكىڭگە سىمۋول قىلغـان ئىھرامغا كىرگىنىڭـدە جىنسى ھېسسىيات ۋە شەھۋىتىڭنى قوزغايـدىغان بـارلىق ھېـس-تۇيغـۇلىرىڭنى قولـۇڭنى ئارقىسـى بىلەن ئىتتىرىۋېتىشىڭ كېـرەك. سەن ئـادەم ئەۋلادى، ئاتاڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىن قوغلانغانـدا تـۇنجى بولـۇپ پەرقلەنـدۈرۈۋالغان نەرسىنىڭ جىنسىيەت ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇمـــا. مەھشەردە ئەر-خوتـــۇنلار ئويىنىشىدىغان ئىش يوق. روھىڭ سۆيگۈنىگە ئۇچرىشىشى ئۈچۈن ئاتلانغان يولـدا، بەدىنى سۆيۈشـمە

ۋە تەن لەززىتىگە ئــــورۇن يوقتـــۇر. سەن ئاللەنىڭ سىرلىرىغا ئېرىشىش ئۈچـــۈن تەن لەززىتىدىن ئېشىپ چۈشكەن اللەنىڭ ھۇزۇرىغا قاراپ ماڭغان يولـۇچى ـ سەن، روھنىـڭ مۇھەببىتى بىلەن ھاياتلىقىڭنىـــڭ باشـــقا تەرەپلىرىگە بەرداشـــلىق بەرگىن، بەدەنىنىڭ ئىشقى مۇھەببىتى بىلەن ئاۋارە بولمىغىن.

ناچار ئادەتلىرىڭنى تاشلاپ كۆيدۈرگى ئاللەنىڭ سىرلىرىغا ئېرىشىسەن. جىسمىڭدىن ئېشىپ ئۆزۈڭنى تېپىۋال. مەشۇقىغا يېتىش ئۈچـۈن ئىنتىلىۋاتقـان روھنىـڭ قاناتلىرىـدىن تۇتۇۋالغىنىڭ يولۇڭ راۋان بولسۇن.

بەدەن تۇپراققا ئوخشايدۇ. تۇپراق زىچتۇر، قـاتتىق ۋە يېپىشـقاقتۇر. تۇرغۇنلـۇقنى ۋە قويۇقلـۇقنى تەمسىل قىلىــدۇ. روھ نــۇر كەبىــدۇر. نــۇر تۇپراقنىــڭ ئەكسىچە، لەتىق، سىڭىپ كەتكۈچى، يورۇتقۇچىـــدۇر. ھەرىكەتنى ۋە ســـۈزۈكلۈكنى تەمسىل قىلىـــدۇ. بەدىنىڭگە بىرىلىـــــــپ كەتسەڭ بـــــۇ ئاشىقلىقىنىڭ تېزلىكىگە يېتىشەلمەيسەن. روھ تېزلىكىنىڭ يېنىدا نۇر تېزلىكى خۇددى تاشپاقا سۈرئىتىچىلىكتۇر.

يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ھارامىلارنى تاشلىيالىغان ئىدىڭ. قۇتلۇق بىر يولغا چىقتىڭ، ئەمدى يەنە بىر غەيرەت قىلىـپ مۇبـاھ ئۆتكەللىرىنىمۇ بۆسـۈپ ئۆتـۈپ، ئاللاھقا بولغـان مۇھەببىتىڭنىڭ كۈچلــۈك ئىكەنلىكىنى ۋە تەســلىمىيىتىڭنى سىناپ بېقىشىڭ كېـــرەك. خـۇددى ئېلـى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: ئـاللاھ بىزگە ھـارامىلارنى چەكلىـدى، بىـز ئۇنىـڭ مۇباھ قىلغانلىرىدىنمۇ ئېشىپ كېتىۋاتىمىز» ، دېگىنىدەك.

ئاللاھ تەئالا 2 ـ سۈرە بەقەرەنىڭ 197 ـ ئايىتىدە : «ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغـان ئـادەم (يەنى ئېھـرام باغلىغـان) ئادەمنىــڭ جىنسـى ئالاقە قىلىشـى، گۇنـاھ قىلىشـى ۋە جاڭجـال قىلىشـى مەنئى قىلىنىـدۇ.» دەپ ئەمىر قىلغـان ئايەتتە تىلغا ئالغـان ئەرەبچە ئوقۇلۇشىدىكى «رَفَـثَ» يەنى يېقىنلىشىش شەھۋەت كۈچىگە، «فُسُوقَ» بـارلىق يامـان ئىشلارغا «جِدَالَ» ماجىرا ۋە تالاش ـ تارتىشقا ئىشارەت قىلىنىـدۇ. بـۇ ئـۈچى دەل روھـى

ئىنتىزامغا بويرۇيدۇ. بۇ ئىنتىزامچانلىقنىڭ مەقستى ئىنسانىنى ئەركىنلىكنىڭ يۈكسەك پەللىسگە چىقرىشتۇر. ئۇنى شەھۋەتنىڭ، تۈيغۇلرىنىڭ، ئازدۇرغۇچى شەخسىيەتچىلىكنىڭ زەنجىر ـ كىشەنلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ شەھەرلىرى يوق بولغان ماكانغا ۋە ۋاقتى توگىگەن زامانلارغا (ئاخىرەت ـ مەھشەر مەيدانى ـ ت) ئۇچراشتۇرماقتۇر.

بۇ ئۇچ ئاگاھلاندۇرۇش لەۋھەسى، ئىرادىنىڭ ئىمتىھانىدۇر. ئىنسانىنى، ئەھسەنۇ تەقۋىم (ئەڭ گۈزەل) قىلغان، پەرىشتىلەرنى ئادەم ئاتىمىزنىڭ ئالدىدا يەرلەرگە ئەگدۇرگەن ئىرادىدۇر. بىر شەيئى قانچىلىك قىممەتلىك بولسا، بەدىلىمۇ شۇنچىلىك ئېغىر بولىدۇ.

ئىرادىنىڭ ئىمتىھانىدا، شەھۋەت بىرىنچى، چەكلىمىلەرگە رىئايە قىلىش ئىككىنچى، تالاش ـ تارتىش ۋە جىدەل ـ ماجرا ئۇچىنچى بىكەتتۇر.

بۇ ئۇچىنچى بىكەت تولىمۇ مۇھىمدۇر. جىدەل كۆپىنچە ناھەق ئەمەس سىز ھەقلىق بولغان ئەھۋاللاردا باشقىلار بىلەن قىلغان تالاش ـ تارتىش، جىدەل ـ ماجىرا، دە ـ تالاش، توقۇنۇشتۇر.

ھەج، كىشىنىڭ ئۆزى بىلەن يارىشىش ھەرىكىتىدۇر. ئۆزى بىلەن يارىشۋالغان كىشىنىڭ ئەتراپىتىكىلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشى ۋە جىدەل قىلىشى قانداقمۇ قوبۇل قىلىنىدۇ؟ ئۆزى بىلەن كېلىشەلمەيدىغانلار، ئەتراپىتىكىلىرى بىلەن جېدەللىشىدۇ. چۈنكى، ئىچىدىكى جېدەل تۈيغۇسى، نىقابلارنىڭ ئېلىۋېتىلىدىغان بۇ مەھشەر مانىۋىرىدا تاشقىرى دۇنيادا نامايەن بولىشىدۇر. ئۇنى ھەركىمگە ۋە ھەرنىمىگە ئاچچىقلىغان، دائىم باشقىلار بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرگەن ھالدا كۆرىسەن. ئەسلىدە ئۇ ئىچىدىكى جېدەل ـ ماجىرانى تېشىغا ئېلىپ چىقماقتا ۋە نىقابىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ ئۆز ـ ئۆزى بىلەن يۈزلىشىشنى خالىماي قېچىپ يۈرمەكتە. بۇ سەۋەبتىنمۇ كۆزى دائىم باشقىلاردا. كۆزىنى كۆڭلىگە بىر قېتىم ئالماشتۇرسا، ئاچچىق

ھەقىقەتنى بىلىۋالاتتى، بەلكى بۇ بىلىش بىر پاكلىنىشقا سەۋەپ بولغان بولاتتى، ئەمما!.....

جېدەل يوق، قىيام بار:

ئاللاھ سۇبھا نەھۇ ۋەتەئەلا : 5ـ سۈرە مائىدەنىڭ 97ـ ئايىتىدە

«جَعَلَ اللَّهُ الْكَعْبَةَ الْبَيْتَ الْحَرَامَ قِيَامًا لِّلنَّاسِ»

«ئاللاھ ھارام قىلىنغان (يەنى ئاللاھ قىلىشنى ھارام قىلغان ئىشلارنى قىلىش ھارام قىلىنغان) ھەرەمدىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس ئۆينى ئىنسانلار ئۈچۈن بىر قىيام (تۈرۈش) يېرى يەنى بۇ يەردە ئاللاھ ئۈچۈن تۇرىدىغان، ئۇلۇغلىنىدىغان يەر قىلدى»

قىيامغا تۇرغانلار، جېدەلگە ۋاقىت تاپالارمۇ؟

دۈشمەنلىرى بىلەن ئۈرۈش قىلغانلار دوستلىرى بىلەن تالىشىپ يۈرەرمۇ؟

دوستلىرى بىلەن تالىشىپ يۈرگەنلەر دۈشمەنلىرى بىلەن ئۈرۈش قىلالارمۇ؟

جېدەل دوستلار بىلەن تالاش، قىيام دۈشمەن بىلەن ئۈرۈشتۇر.

## 6. ھەرەم

**«ئۆز ۋاقتىدا بىز كەبىنى كىشىلەر ئۈچۈن جەم بولىدىغان جاي ۋە ئامان جاي قىلىپ بەردۇق. (كىشىلەرگە) ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار دېدۇق). ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلغا ئۆيۈمنى (يەنى كەبەمنى) تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاك تۇتۇشنى بۇيرۇدۇق (125) ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىم! بۇ يەرنى (يەنى مەككىنى) تىنچ شەھەر قىلىپ بەرگىن، ئاھالىسىدىن الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن» دېدى. الله : «كاپىر بولغان ئادەمنىمۇ (رىزىقتىن) ئازغىنا مۇددەت (يەنى ھاياتلىقىدا) بەھرىمەن قىلىمەن، ئاندىن كېيىن ئۇنى (ئاخىرەتتە) دوزاخقا ھەيدەيمەن» دېدى. (بۇ) نېمىدېگەن يامان ئاقىۋەت!**

**(126)»** (2 ـ سۈرە بەقەرە 125 ـ 126 ـ ئايەت)

ھەرەم شىمال تەرىپى تەنئىم، جەنۇب تەرىپىدە ئۇداتۇل ئىبىن، شەرقىدە جىرانە، غەربىدە ھۇدەيبىييەھ بىلەن قورشالغان يۈز ئۆلچىمى 25 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان رايوندۇر. بىر رايوننىڭ سۈنئىي ھەمرادىن بىر پارچە رەسمى تارتىلسا، ھەرەم رايونىنىڭ دەشتى چۆلنىڭ ساپ ـ سېرىق بىر چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا، قاپ ـ قارا بىر ۋولقانلىق لاۋا ئورمىنى بارلىقى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. بۇ رايوننىڭ چېگرالىرى ئىبنى ئاباسنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا جەبرائىل ئەلەيھىسسالام

تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن ئىكەن، ئۇندىن كېيىن بۇ چېگرالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن قايتىدىن بەلگىلەنگەن ئىكەن. ئاڭلانغان باشقا بىر رىۋايەتتە دېيىلىشىچە، گۇناھىغا تەۋبە قىلغان ئادەم ئەلەيھىسسالام شەيتاننىڭ ئۆزىنى قايتىدىن ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن قورققانىكەن، ئاللاھ مۇ ھەرەم چېگرالىرى ئەتراپىغا قويۇلغان مۇھاپىزەت قىلغۇچى پەرىشتىلىرى بىلەن بۇ يەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بىخەتەر رايون قىلىپ بەرگەن ئىكەن. ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ دېڭىزغا يېقىن ئوتتۇرا قىسمىدا يەر ئالغان بۇ كىچىك بىر زېمىن، مۇسۇلمان تەسەۋۋۇرىدا، ئىنسانىيەت داستانىنىڭ يېزىلىشى باشلانغان تۇنجى بېتىدىن ئىبارەت ئىدى. ئوخشاش بىر بايانغا ئاساسەن كەئبە قۇرۇلغان بۇ يەر، بىر ئوت شارى بولغان يەر يۈزىنىڭ تۇنجى شەكىللىنىش قاتارىدا بىرىنچى قېتىم سۇۋۇغان پارچىسىدۇر. يەنى توپان بالاسىدىن كېيىن تۇنجى قۇرۇغان يەردۇر. مىلادىدىن 8000 يىل بۇرۇن ئاخىرلاشقان مۇز ئېرىشىدە، ئىنسانلارنىڭ ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق بولغان، ياپ- يېشىل بىر رايون ئىدى. يەنى بۇ يەر يەرشارىنىڭ كىندىكىدۇر. ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا مېھمانخانا قىلىپ ھازىرلىغان، ھەشەمەتلىك بېزەلگەن يەر يۈزى تۇنجى بولۇپ ئىنسان مېھمىنىنى بۇ يەردە قارشى ئېلىپ كۈتۈۋالغان ئىدى. شۈڭلاشقا، ئىنسان نەسلىنىڭ بۇ ماكانغا تەشەككۇر قەرزى باردۇر. ئەسلىدە ھەج قىلىشنى بۇيرۇغان ئالىي ئىمران سۈرىسىنىڭ 97-ئايىتىدە ھەج «ئاللاھنىڭ ئىنسانلار/ئىنسانىيەت ئۈستىدىكى ھەققىدۇر» دېيىلگەن.

ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «ئىنسانلار/ئىنسانىيەت» (ئەنناس) كەلىمىسى بەك دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. چۈنكى، ئىبادەتلەرگە ئالاقىدار باشقا قۇرئان ئايەتلىرىدە «ئەي ئىمان ئېيتقانلار»، «مۆئمىنلەر ئۈچۈن» (روزا ئۈچۈن 2-سۈرە 183-ئايەتكە، ناماز ئۈچۈن 4-سۈرە 103-ئايەتكە قارالسۇن) دېگەندەك ئىبارىلەر قوللىنىلىدۇ. ئەمما، پەقەت ھەجگە كەلگەندە بۇ ئەھۋال ئۆزگىرىدۇ ۋە خىتاب قىلىنىدىغان كىشىلەر

«ئىنسانلار» غا بەكرەك قارىتىلىدۇ. ھالبۇكى، ئىبادەت، ئىمان زېمىنى ئۈستىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئىبادەتكە ئالاقىدار بارلىق ئىلاھى تەلىماتلار تەبىئىي ۋە مەجبۇرى ھالدا مۆئمىنلەرنى نىشان قىلىدۇ. بۇ ئاساس ھەج ھەققىدىمۇ كۈچكە ئىگىدۇر. ئۇنداقتا، ئۇ ھالدا ئايەتتە «مۆمىنلەر»، «ئىمان ئېيتقانلار» نىڭ ئورنىغا «ئەي ئىنسانلار» خىتابىنى ئىشلىتىشنىڭ ھېكمىتى نېمە؟

بىزچە بۇ ھېكمەت، ئەينى ۋاقىتتا ھەج ئىبادىتىنى باشقىلىرىدىن پەرقلىق قىلغان تەرەپكە يۈزلەندۈرگەنمۇ بولۇدۇر. ئۇ بولسىمۇ، ھەج ئىبادىتىنىڭ مۆئمىننىڭ «ئىنسانلىقىغا» قارىتىلغان تەلىماتتىن ئىبارەت بولۇشىدۇر. مۆئمىنگە ۋاپا بۇرچى ئەسلىتىلمەكتە، تەشەككۇر ۋە شۈكۈر ئېيتىش ئۆگىتىلمەكتە. ئەسلىدە، ھەر بىر مۆمىن ئۆزى تەۋە بولغان ئىنسانىيەت ئائىلىسىنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان بىر ئەزاسى بولۇشى كېرەك ئەمەسمىدى؟ ئەسلىدە، ھەر مۆئمىننىڭ شاھىتلىق مەسئۇلىيىتى بار ۋە يەر يۈزى بىلەن، ماكان بىلەن ۋە زامان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىمۇ مۇشۇ «شاھىتلىق» مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە بەلگىلىشى ۋە بىلىپ يېتىشى كېرەك ئەمەسمىدى؟

ئىنسانىيەتنىڭ تونۇغان ئەڭ بۈيۈك ئىمان مۇساپىسى مۇشۇ تۇپراقلاردا باشلانغانىدى. ئادەم ئاتىمىز، ھاۋۋا ئانىمىزغا ۋە يۈتتۈرۈپ قويغان جەننىتىگە مۇشۇ رايوندا ئۇچراشقانىدى. شۇندىن بىرى تارىختا يۈز بەرگەن ھەققەت شۇكى، ئۈچ ساماۋى شەرىئەتنىڭ ئورتاق ئاتىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭ ئەزىزلىرىدىن ھاجەر ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بۇ رايوندا ئۆز رولىنى ئوينىغان ئىدى. ھەممىدىن بەكرەك ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىنسانىيەتنىڭ قاراڭغۇلاشقان ئالەمنى يېڭىدىن يورۇتقان مەڭگۈلۈك چاقىرىقىنى مانا بۇ رايوندا ئېلىشقا ۋە تارقىتىشقا باشلىغان ئىدى.

ھەرەم، ئېھراملىق بىر ھەج يولۇچىسىنىڭ بەدىنىگە ئوخشاشلا ھۆرمەتكە سازاۋەر ۋە

ھۆرمىتى ساقلىنىشى كېرەك بولغان ھالدىدۇر. ھەرەم ھەر تۈرلۈك يامانلىقتا ۋە ھەق-ھوقۇق تاجاۋۇزى ھارام قىلىنغان رايوندۇر. دادىگىزنى ئۆلتۈرگەن قاتىل بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ يەردە ياشىغان ۋە مېھمان بولغان بىرىنىڭ تۈكىگىمۇ چېقىلالمايسىز. ئۇ يەر بولسا ئىلاھىي بىخەتەر رايوندۇر. ھەرەمنىڭ بىخەتەرلىكىنىڭ كاپالەتچىسى ئاللاھدۇر. ئۇ يەردە پاناھلانغان ھەر بىر ئىنسان ئاللانىڭ مېھمىنىدۇر. مۇساپىرغا قىلىنغان ھاقارەت ساھىپخانىغا قىلىنغان ھاقارەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەرەمدە يۈرگەن ھەر بىر ئېھراملىق كىشى، ئۆزىنى ھەرەم بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ. تەۋھىد دىنىنىڭ ئۆزىگە بەرمەكچى بولغان بىرلىك ئېڭىنى تونۇپ يېتىدۇ ۋە ھەر مۆھتەرەمنىڭ ئېھتىرامىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. ھەرەمنىڭ تاش- تۆپرىقى، ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئېھتىرامدىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئالغاندۇر. شۇڭلاشقا ھەرەمنىڭ تاش- تۆپرىقىنى ھەرەم سىرتىغا توشۇش، سىرتنىڭ تاش- تۆپرىقىنى ھەرەمگە توشۇش چەكلەنگەندۇر. (ئەزراكى 2/150)

ھەرەمنىڭ، پەقەت ئىنسانلىرىلا ئەمەس، باشقا جانلىقلىرىمۇ ئېھراملىقلاردىن خاتىرجەم بولۇشى كېرەك. ھەرەمنىڭ ۋەھشىي ھايۋانلىرى دۇنيانىڭ ئەڭ خاتىرجەم ھايۋانلىرىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە دۇنيانىڭ بەدىلى ئەڭ قىممەتلىك بولغان ھايۋانلىرىدۇر. بۇلاردىن بىرىنىڭ، مەسىلەن: بىر ھەرەم كەپتىرىنىڭ ئەمىن رايوندا ئۆۋلىنىشىنىڭ بەدىلى بىر قوينى قۇربان قىلىش دېمەكتۇر.

ھەرەمنىڭ پەقەت جانلىقلىرىلا ئەمەس جانسىزلىرىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر. ھەرەمنىڭ يېشىل ئوتلىرى، تەبىئىي يېشىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر شېخىنى ئۈزۈشمۇ جىنايەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ چەكلىمىلەر بىلەن ھەرەم دۇنيانىڭ ئەڭ ياخشى قوغدالغان «تەبىئىي تور رايونى» دەپ ئېلان قىلىنغاندۇر. ئېھرامغا كىرىپ ئۆز مەھشىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن ھەر ھاجى بولغۇسى كىشىلەرنىڭ قولىدىن

ئىنسانلار، ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر خاتىرجەم بولۇشى كېرەك.

ھەرەمنىڭ ئوتىنى ۋە يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋانلىرىنى ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر دەپ بىلگەن بىر مۆئمىننىڭ ھەرەمنىڭ ھاۋاسىنى بۇلغىشى، يوللىرىغا تۈكۈرۈشى، ئىچكەن ئىچىملىكلىرىنىڭ قۇتىسىنى، يېگەن مېۋىسىنىڭ ئەخلىتىنى، ئىشلەتكەن تازىلىق قەغىزىنى يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېتىشى پەقەت قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان بىر ئىشتۇر. بۇ خىل قىلىقلار ھەرەمنىڭ «ھەرەمى شەرىف» دېگەن نامىغا قىلىنغان تاجاۋۇزدۇر. بولۇپمۇ، ھەرەمنىڭ ئىگىسى ئاللاھقا قىلىنغان ئەدەپسىزلىكتۇر.

ئىنسان ئۆز ئۆيىدىمۇ قىلالمايدىغان ئەدەپسىزلىكنى ئاللاھنىڭ ئۆيىگە، يەنە كېلىپ ئاللاھنىڭ مېھمىنى ئىكەنسەن قانداقمۇ قىلالايسەن؟ ھەر قانچە ئۆي ئىگىلىرى ۋە مېھمانلارنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىغان تەقدىردىمۇ، ھەرەمنىڭ ھاۋاسى، سۈيى ۋە جىمجىتلىقى ھېچ بولمىسا ھەرەمنىڭ ۋەھشىي ھايۋانلىرى ۋە ئوتلىرىچىلىك ھۆرمەتلىكتۇر. ئۇ ھاۋانى بۇلغىغانلار، ئۇنىڭ جىمجىتلىقىنى قوپاللىق بىلەن بۇزۇپ شاۋقۇن-سۈرەن پەيدا قىلىپ مۇھىتنى بۇلغاشقا سەۋەب بولغانلار، ئۇنىڭ يوللىرىنى، كوچىلىرىنى، تېغىنى، تېشىنى ئەخلەتخانىغا ئايلاندۇرغانلار ئەڭ ئاددىي مېھمان ئەدەپلىرىدىنمۇ پەقەت خەۋىرى يوق كىشىلەردۇر. بۇ خىل كىشىلەر كۆڭلىدىكى ئىللەتنى تېشىغا چىقارغانلاردۇر. ھەرەمگە ئالاقىدار بۇ پۈتۈن چەكلىمىلەر، پەقەت ئېھراملىقلار ئۈچۈنلا ئەمەس، ئېھرامسىز كىشىلەر ئۈچۈنمۇ ئىناۋەتلىكتۇر.

مۆئمىن، پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەرەم بولۇشى ئۈچۈن تىرىششى كېرەك. ھەجگە بارغان ھەربىر مۆمىن ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلىنىپ قالغان بۇگۈنكى دۇنيادا، مۇشۇنداق بىخەتەر، بۇ قەدەر بىخەتەر، تىنچلىق ئارىلى بولغان ھەرەم رايونىنى، كەلگەن يېرىگە يۆرىكىدە كۆچۈرۈپ بېرىشى كېرەك. ھەر ئىنسان، تۇرۇۋاتقان يېرىنى جېنىنىڭ، مېلىنىڭ، ئېپپىتىنىڭ، نەسلىنىڭ ۋە ئىمانىنىڭ قوغدالغان، ئىنسانغا ئىنسانىي مۇئامىلە

قىلىنىدىغان، تەبىئەتكە تاجاۋۇز قىلىنمىغان، ئەكسىچە قۇشلارنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ناھايىتى ھۇزۇر، تاش - تۇپراقلارمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان بىر ھەرەم قىلىشنىڭ كۆرىشنى ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

ئوسمانلى ئىستانبۇل ئانادولۇ قىرغىقىدىكى ئۈسكۈدارنى «ھەرەم» دەپ ئېلان قىلغانىدى. ئۈسكۈدار، ھەرەم دەپ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن كەئبە تۇپراقلىرىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ ھېسابلانغانىدى. بىر يەرنى ھەرەم دەپ ئېلان قىلغانلىق، ئۇ يەرنىڭ مەككىنىڭ قېرىندىشى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغانلىق ئىدى. بىر يەرنى ھەرەم دەپ ئېلان قىلىش، ئۇ يەرگە ھۆرمەت، ئەمىنلىك ۋە ھۆررىيەت ئېلىپ كەلگەنلىك دېمەكتۇر. ھۆرمەت، ئەمىنلىك ۋە ھۆررىيەت بىر تۇپراقنىڭ ئالاھىدىلىكى ھالىغا كەلگەن بولسا، ئۇ يەر ئارتۇق «بەلدەي تەييىبەھ» (گۈزەل زېمىن) ھېسابلىنىدۇ. ھەزرىتى پەيغەمبەرمۇ ھىجرەتتىن كېيىن مەدىنىنى ھەرەم دەپ ئېلان قىلدى، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئەخلاقى بىر يىمىرىلىشنىڭ چوققا نۇقتىسىدا بولغان مىلادى 7-ئەسىر دۇنياسىغا، بىر ھۇزۇر ۋە تىنچلىق ئارىلىنى بەرپا قىلغان ئىدى. بۇنىڭ سايىسىدە مەدىنىنىڭ يېشىل ئۈسۈملۈكلىرى ۋە ھەتتا ۋەھشىي ھايۋانلىرىنىمۇ قوغداش دائىرىسىگە كىرگۈزگەن ئىدى.

ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى بۇتپەرەس قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ كۈچىنىڭ يوقىلىپ، پۈتۈن رايوندىكى خەلقلەرنىڭ ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى ئىپادىلىگەن ۋاقىتلاردا رايوننىڭ ئەڭ يېشىل ۋە گۈزەل مەركىزى ھالىدا بولغان ۋە ئوتتا ئەرەبىستاننىڭ يازلىقى ھېسابلىنىدىغان تائىفمۇ ئىسلامغا دەۋەت قىلىنغان ئىدى. تائىفلىقلار ئىسلامغا كىرىش ئۈچۈن 8 ماددىلىق بىر شەرتنامە بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن ئىدى. روسۇلۇللا بۇلاردىن ئۈچىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ قوبۇل قىلىنغان ماددىلاردىن بىرى، تائىفنىڭمۇ مەككىگە ئوخشاش ھەرەم دەپ ئېلان قىلىنىشى ئىدى. (ئەبۇ داۋۇد 19/26) بۇ ئىسلامغا قارشى بىر نەرسە ئەمەس ئىدى، ئەكسىچە ئەشياغا ئامانەت كۆزى

بىلەن قارىغان دىنىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ئىدى. شۇنداق قىلىپ تائىف، دۆلەت باغچىسى ھالىغا كېلىپ، ئىنسانلار ھۆرلۈك ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە ياشايتتى.

ھەجدىكى ھەرەم رايونىدىكى قائىدىلەر، ئىنساننىڭ ئىنسانغىلا ئەمەس، تۇپراققا، سۇغا، قۇشقا، دەرەخكە نىسبەتەن ئاددىي قارىشنى تۈگەتمەكتە ۋە ئىنسانلار ئەتراپىدا ھۆرمەتكە لايىق كۆپلىگەن نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ھەيران قالغان ھالدا بىلىۋالماقتا. ئىنسان ئەۋلادى بىلەن شۇ ياشىنىپ قالغان دۇنيانى ئورتاق بەھرىلەنگەن نۇرغۇن مەۋجۇداتلار بار، ھەقىقەتەن بۇ مەۋجۇداتلار ھاياتنى قولايلاشتۇرماقتا ۋە گۈزەللەشتۈرمەكتە، ئىنسانلارغا مەۋجۇداتلارغا زۇلۇم قىلغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە.

ئەڭ مۇھىمى، ھەج مەزگىلىدە ھايات بىلەن تىركەشمەستىن، بىرىكىش ئىچىدە ياشاش سىناق قىلىندۇ. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئۆزگە تېخىمۇ كۆپ ھۆزۇر بەخش ئەتكەنلىكىنى، ئۆزىنى تېخىمۇ بىيىتقانلىقىنى كۆرمەكتە. تاغ - تاشلارغا، سۇ - تۇپراققا بولغان كۆز - قاراشلىرى ئۆزگىرىپ، ئۇلارنىڭمۇ بىرلىگەن ئامانەت ئىكەنلىكىنى، شۇڭلاشقا ھەق ۋە ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى، مەۋجۇدات ئىچىدە بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە قىچىپ قۇتۇلالماس دەرىجىدە باغلىنىشلىق ئورنىنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھېچقانداق بىرىنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتىۋېتىشنىڭ، تەبىئەت زەنجىرىدىكى بىر ھالقىنى ئۈزۈۋېتىش دېگەنلىك بولىدىغانلىقى، بۇنىڭ بولسا زەنجىردە ئورۇن ئالغان ئىنساننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، پۈتۈن ھالقىلارغا يامان تەسىر بېرىدىغانلىقىنى ئەسلەتمەكتە.

## 7.تەلبىيەھ

**«ماڭــا جەبرائىل ئەلەيھىســـالام كېلىــپ: (ئــى مۇھەممەد!) ئۈممىتىڭگە دېگىنكــى ھەجــدە تەلبىيەسىنى يــۇقىرى ئــاۋازدا توۋلىســۇن، چــۈنكى تەلبىيە ئېيــتىش ھەجنىڭ ئالامەتلىرىدىنــدۇر، دېــدى»** (ئــىبنى ماجە، ئەھمەد ئىبنــى ھەنبەل، ھــاكىم بىرلىكتە رىۋايەت قىلغان)

**«لەببەيك ئـــــــاللاھ ھۇمە لەببەيك، لەببەيكە لاشەرىكە لەكە لەببەيك، ئىننەل ھەمدە ۋەننىئمەتە، لەكە ۋەلمۇلك لاشەرىكە لەك»**

«لەببەي! ئـــاللاھىم لەببەي! بۇيرۇقۇڭغـــا تەييارمەن. لەببەي! سىنىڭ ھېچقانـــداق شېرىكىڭ يوقتــۇر، لەببەي! ئــاللاھىم لەببەي! شۈبھىسىزكى پۈتــۈن ھەمــدۇ ـ ســانالار ساڭىلا خاستۇر، نېئمەت ۋە مۈلۈك سىنىڭ ئىلكىڭدەدۇر، ســىنىڭ ھېچقانــداق شېرىكىڭ يوقتۇر.»

لەببەي! ئــاللاھىم!، سـۆيۈملۈك قۇلـۇڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ ئىــبراھىم ئەلەيھىســالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن قىلغان دەۋىتىڭگە بويسۇندۇم، بۇيرۇقۇڭنى كۈتىمەن!!

لەببەي! ئاللاھىم! ئۈستۈمگە كېپەنلىكىمنى كىيدىم. سۆيگەنلىرىمنى ۋە دۇنيالىرىمنى كەينىمگە تاشـلاپ قويــدۇم. بېشىم ئوچـۇق، يــالاڭ ئايـاغ ھۇزۇرۇڭغـا كەلــدىم. رەھمەت

دېڭىزدا تامچە بولۇشقا كەلدىم. ئۇممەت ئوكيانىدا چايقىلىپ ئېقىشقا، گۇناھىمغا يىغلاشقا، ئوت بولۇپ كۆيۈشكە، پىششىقا ۋە بۇ يولدا ۋايىغا يېتىشكە كەلدىم.

ئۇلۇغ ئاللاھىم! مەن ھازىر بولدۇم!

مەن ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان ئىنسان - مەن، سەن بولساڭ ۋەدەڭدە تۇرىسەن.

مەن مۇكەممەل ئەمەس، سەن بولساڭ مۇكەممەل، مەن تەلەپ قىلغۇچى، سەن بەرگۈچى - سەن.

مەن بۇيرۇققا ئىتائەت قىلغۇچىمەن، سەن بولساڭ بۇيرۇق بەرگۈچى.

مەن كىچىك، سەن بولساڭ بۈيۈك، ئەڭ بۈيۈك - سەن.

مەن بىچارىمەن، سەن بولساڭ بىردىنبىر چارە.

مەن ئاۋارىمەن، سەن كۈچلۈك سەن.

مەن يۆلەكى يارا بىرىمەن، سەن بولساڭ يارامنى تاڭغۇچىسەن.

مەن بولسام سېنىڭ مېھمىنىڭ، سەن بولساڭ ساھىبخانىسەن.

لەببەيك ئاللاھ ھۇممە لەببەيك!

ئادەمدىن بولۇپ ئىنسان بولۇشقا، ئىبراھىم بولۇپ كۆيۈشكە، ئىسمائىل بولۇپ قۇربان بولۇشقا، ھاجەر بولۇپ تەسلىم بولۇشقا كەلدىم!

مەن ھازىر بولدۇم ئاللاھىم! مەن ھازىر بولدۇم!

ئۆز نامىمدا كەلدىم. زايە بولغان ئۆتمۈشۈم، ۋەيرانە ھالىم ۋە مەجھۇل ئىستىقبالىم ئۈچۈن كەلدىم!

بويىنى ئېگىك ئۇممەتنىڭ نامىغا كەلدىم!

ئىسلامنىڭ ئىگە-چاقىسىز يېتىملىرى نامىغا كەلدىم!

مەھرۇم جۇغراپىيەم، مەزلۇم ۋەتىنىم، بوزەك بولغان ئىنسانىم، تاشلىۋېتىلگەن

قۇرئانىم، كۆڭلى غەش ئىمانىم نامىغا كەلدىم!

ئىشغال قىلىنغان يۇرتىم، بۇرمىلانغان ئەقلىم، خارابىگە ئايلانغان چۈشلىرىم ۋە ئۈمىدلىرىم نامىغا كەلدىم!

لەببەيكە ئاللاھ ھۇممە لەببەيك!.....

يۈز يىللاردىن بىرى مىليونلارچە ئىنسانىنىڭ يۈرىكىدىن قايناپ چىققان، كۆمۈر قارىسى بۇ لاۋا تۆپىلىكلەر، كۆز سىرىقىغا ئوخشىغان چۆللەر ۋە پايانسىز كۆك ئاسمان ئاڭلاپ كېلىۋاتقان بۇ ئىلاھىي شوئارنى سەنمۇ تونۇلايسەن بۇ قۇببىگە. ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش، نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش، داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش تونۇلايسەن. شۈنداق، ئاشىقنىڭ ئۆزىدە ئاۋازغا ئۆزگەرگەن داۋۇت كەبى......

«ئاۋازىڭنى بۇ جاھاندا داۋۇت كەبى قويۇۋەت،

باقى قالغان بۇ قۇببىدە بىر خۇش سادا ئىمىش.»

مىس قارىسى كەبى كۆيگەن تاشلار تىڭشايدۇ سېنى. سېنىڭ ئاۋازىڭنىمۇ پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىنىڭ يېنىغا خاتىرىلەيدۇ. پۈتۈڭنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ يۈرگەن دۆڭلەر، ئۈزۈۋەتمىگەن شاخلار، تۆكىگەنمۇ چېقىلمىغان ۋەھشىي ھايۋانلارمۇ تىڭشايدۇ ئاۋازىڭنى. ئۇلارمۇ خاتىرىلىۋالىدۇ ئاۋازىڭنى خۇددى سىزدىن بۇرۇن مىليونلارچە كىشىنىڭ خاتىرىلەنگەن ئاۋازىنىڭ يېنىغا خاتىرىلەيدۇ ئاۋازىڭنى.

يىراق - يېقىن دېمەستىن، ئاللانىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ئۈنىڭ مېھمىنى بولىدۇڭ. ماكانىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ ئەبۇ جەھىلنىڭ ئۆيى كەبىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدىنمۇ يېقىن ئىدى. ئەمما، ئەبۇ جەھىل كەبىنىڭ رەببىگە چەكسىز يىراقلىقتا ئىدى. سېنىڭ ماكانىڭ مەككىدىن يىراق بولۇشى مۇمكىن. كۆڭلۈڭ يېقىن بولسا «لەببەيك!» دېگىن!

پۇرسەت تاپقان يېرىڭدە بۇ ئىلاھى شوئارنى تووۋلايسەن، قوللارنى ئۆزگە قول بولۇشقا چاقىرغان بارلىق مۇستەبىت تاغۇتلارغا قارشى، ئۆزىنى بۇتلاشتۇرغان زالىملارغا قارشى، مەنسۇپ بولغان ئۇممەتنى پارچە - پارچىغا بۆلۈپ مۇستەملىكە قىلغان خەلقئارا جىنايەت مەركەزلىرىگە قارشى بۇ ئىلاھى شوئارنى تووۋلايسەن.

تاغدا، يايلاقتا، تۈزلەڭلىكتە، ئېدىرلىقتا. بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ۋە ئايرىلغاندا، بىر بۇلۇڭغا قايرىلغاندا، بىر كوچىغا كىرگەندە ھەر دائىم بۇ شوئارنى ئۈنلۈك تووۋلاپ ماڭىسەن. ئاۋازىڭ مىليونلارنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. بىر بولسىمۇ كۆپرەك تاشقا، تۆپىلىككە، جانلىققا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بار كۈچۈڭ بىلەن يۇقىرى ئاۋازدا تووۋلايسەن، تووۋلايسەن بۇ ئىلاھىي نوتىنى.

لەببەيكە دېيىش بىلەن «مەنمۇ بۇ يەردە ھازىرمەن» دېگەن بولىسەن!

«ئاللاھىم! ئاتىمىز ئادەم بىلەن باشلىنىپ ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بىلەن داۋام قىلغان لەببەيكىلەر خورىغا مېنىمۇ قېتىۋال!» دېگەن بولىسەن. «ئاللاھىم! ئەپۇ قىلىنىدىغانلار تىزىملىكىگە مېنىمۇ ئال، مېھمانلىرىڭغا تەييارلىغان رەھمەت زىياپىتىڭگە مېنىمۇ چاقىرىۋال!» دېگەن بولىسەن.

بۇ ئىلاھى چاقىرىق، شەيتانغا تاش ئېتىلىدىغان ئەقەبە جەمرىسىدە بايرامنىڭ بىرىنچى كۈنى تۈنجى شەيتانغا تاش ئېتىش بىلەن ئورنىنى تەكبىرگە ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ.

## 8. ئۈممەتنىڭ تۇنجى جەملىنىشى

بۇ ئەسلىدە ھەجنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنىڭ بىشارىتىدۇر. «مەناسىكىڭلارنى (ھەجنىڭ قائىدىلىرىنى) مەندىن ئۆگىنىڭلار!» (بەيھەقى 5/125) دېگەن مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ھەجدە ئۈچ خۇتبە ئېيتقان ئىدى. تۇنجى خۇتبىسىنى زۇلھەججىنىڭ 7-كۈنى مەككىدە، پېشىن نامىزىدىن كېيىن كەبىدە بەرگەن ئىدى. باشقا خۇتبىلەردىن پەرقلىق ھالدا، بىرى دىنىي ۋە يەنە بىرى سىياسىي بولغان ئىككى خۇتبىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرلا خۇتبە بېرىش بىلەن تاماملىغانىدى.

ئەسلىدە بۇ خۇتبىسى ھەجنىڭ سىياسىي تەرىپىنى ئىپادىلىگەن ئالەمشۇمۇل بىر ئۇقتۇرۇش ئىدى. بۇ تېپتىكى ئۇقتۇرۇش بولسا ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەمىرلىرى تەرىپىدىن بېرىلىدۇ. ياكى ئۇ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ۋەكىل تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھالبۇكى، ھىجرەتنىڭ 9-يىلىدىكى ھەجدىمۇ شۇنداق بولغانىدى. ھىجرەتنىڭ 8-يىلى مەككە فەتھى قىلىنىدى. 9-يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆزىگە ۋاكالىتەن ھەج ئەمىرى ئۇقتۇرۇشقا ئەۋەتكەنىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكر ھەجنىڭ سىياسىي تەرىپىنى ياخشى ئورۇنداش ئارقىلىق ھەجنىڭ بىر ئۈممەت كېڭىشى بولۇش رولىنى ياخشى ئورۇنداپ، ئۇ يىلقى ھەجنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئۈممەتنىڭ چوڭ بىر سىياسىي كېڭىشى بولۇش رولىنى ئورۇنلىغان ئىدى. 10-يىلى روسۇلۇللا ئۆزى بىۋاستە ھەجگە رەھبەرلىك قىلىش رولىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۈچ ئورۇندا ئەڭ

كۆپ ئادەم قىتىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈلگەن بىر خۇتبە سۆزلىگەن ئىدى. زۇلھەججىنىڭ 7 ـ كۈنى مەككىدە، 9 ـ كۈنى بولسا ئارافاتتىكى نەمرە مەسچىتىدە، ھىيتنىڭ 2 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدىغان زۇلھەججىنىڭ 11 ـ كۈنى پېشىن نامىزىدىن كېيىن بولسا، مىنادىكى خەيفا مەسچىتىدە ئەڭ داڭلىق بولغان ۋىدالىشىش خۇتبىسىنى سۆزلەش ئارقىلىق بۇ خۇتبىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مەزمۇنىنى جەم قىلغانىدى.

بۇ خۇتبىلەرنى روسۇلۇللا ۋە راشىد خەلىپىلەر ئۇممەتنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي رەھبەرلىرى سۈپىتىدە بەرگەن ئىدى. ھەجنى ئۇممەتنىڭ مەسىلىلىرىنىڭ بىرتەرەپ قىلىنىدىغان ئۇممەت كېڭىشى قىلغان دەل مۇشۇ نەبەۋى ئەنئەنە ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇممەت رەھبەرسىز قېلىپ قالدى. بۇ ئەھۋال ھەجنىڭ بىر تەرىپىنى دائىم كەمتۈك قويماقتا، شۇڭلاشقىمۇ ھەجدىن كۈتۈلگەن ئىجتىمائىي نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلمەمەكتە.

كۆڭلىمىز شۇنى خالايتتىكى، ھېچ بولمىسا مۇسۇلمان خەلقنى باشقۇرۇۋاتقانلار ئۆز ـ ئارا بىر بىرلىك قۇرسا. بۇ بىرلىكنىڭ نۆۋەتچى باشلىقى يا ئۆزى ياكى ۋەكىلى ئۆزىنى دۇنيانىڭ ئىگە ـ چاقىسىز ۋە يېتىم دەپ ھېس قىلىۋاتقان ئۇممەتنىڭ ھاجىلىرىغا باشلىق بولسۇن. ئۇلارغا ئالەمشۇمۇل نىشانلار كۆرسەتسۇن. ئۇلارنى ھېس ـ تۇيغۇ، چۈشەنچە ۋە ھەرىكەت بىرلىككە چاقىرىق قىلسۇن. مەككىدە ھەر يىلى تۇتاشقان مەدەنىيەت مەشئىلىنى، مىليونلىغان مۆمىن ئەر ـ ئاياللارنىڭ يۈرىكىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزلىرى ئاپىرىدە بولغان تۇپراقلىرىغا يەتكۈزۈشكە تۆھپە قوشالىغان بولسا نىمە دېگەن بەلەن بولاتتى ھە!

كۆڭلىمىز يەنە شۇنى خالايتتىكى، ئۇممەتنىڭ قاناۋاتقان يارىلىرى، ھەج مەزگىلىدە چىقىرىلغان ئورتاق قارارلار بىلەن تېڭىلسۇن. دۇنيانىڭ ئاچ يۈرگەن بالىلىرى تويسۇن. يالىڭاچ بالىلىرى كىيىندۈرۈلسۇن، مەزلۇملارنىڭ يېنىدا، زالىملارنىڭ قارشى تۇرغان بىر

يىرىم مىلياردلىق بىر غايەت زور مۇسۇلمان پىرقىسىنىڭ ۋەكىللىكىدىكى ھەجدە ئېلان قىلىنىسۇن.

كۆڭلىمىز شۇنى خالايتتىكى، ئۇممەتنىڭ ئىجتىمائىي بىرلىكىنى تەمسىل قىلىدىغان بىر قول، ھەرەم مەسچىتىنى تولدۇرغان مەھشىرى قىستاڭچىلىقنىڭ تەكبىرى نىدالىرى بىلەن ھاۋادا شۇنداق بىر قانچە قېتىم قۇلنى پۇلاڭلاتسا. بۇ قولنىڭ تەمسىل قىلغان كۈرەشكە، مىليونلىغان سۆيۈنۈش ئىلكىدە كۆز ياشلىرىدىن بىر ئوكيان ھەدىيە ئەتسە.

كۆڭۈل شۇنى خالايتتىكى، ئىسلام ئۇممىتىنى تەشكىل قىلغان خەلقلەرنىڭ رەھبەرلىرى كىپەنلىكلىرىنى ئۈستىگە ئارتىپ باشقۇرۇۋاتمەن دەپ ئويلىغان خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئاللانىڭ ھۇزۇرىدا بېشى ئوچۇق، يالاڭئاياق ھالەتتە تۇرسا. ئۆزنىڭ ئاجىز ۋە پەس ئىكەنلىكىنى، ئاللانىڭ بولسا كەرەم ۋە ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشسا. باشقۇرۇلغانلار ۋە باشقۇرغانلار ئاللانىڭ ھۇزۇرىدا ئوخشاش سەپ ۋە ئوخشاش كىيىنىشتە، ئوخشاش نىشان ۋە غايە ئۈچۈن بىر يەرگە توپلانسا. كۆڭۈل يەنە شۇنى خالايتتىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدىن تارىخنىڭ ئەڭ كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە كامىل ئىنسان ھەقلىرى باياننامىسىنىڭ ئوقۇلغان بۇ تۇپراقلاردا تاجاۋۇز قىلىنغان ھەق - ھوقۇقلار تاپشۇرۇپ بېرىلسۇن. خارابلاشتۇرۇلغان كۆڭۈللەر تۈزىتىلسۇن. ئازار يېگەن كۆڭۈللەر سۆيۈنسۇن. ئازاب - ئوقۇبەت چەككەن ئىنسانلار سۆيۈندۈرۈلسۇن. بۆلگۈنچىلىك، ئايرىمچىلىقلار يوق قىلىنسۇن. تاشلانسۇن، ئىختىلاپلار مۇزاكىرە قىلىنسۇن.

كۆڭۈل شۇنى خالايتتىكى، مۇسۇلمان ئالىملاردىن تەركىب تاپقان ئۇممەتنىڭ ئورتاق ئىجتىھات كېڭەش پالاتاسى ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدا بىر يەرگە جەم بولۇپ، يېڭى مەسىلىلەرگە يېڭى تەدبىر تاپسۇن. ئەسكى تەدبىرلەرگە يېڭى سوئاللار سورىسۇن، ئۇممەتنىڭ غەيرىتىنى، ھىممىتىنى، تىرىشچانلىقىنى، ئىرپانىنى كۆپەيتىدىغان قارارلار

چىقىرىلىسۇن. ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يىقىلغان تاملىرىنى قوپارسۇن، ئىنسان ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئېزىلگەن غورۇرلىرىنى ئورنىدىن دەس تۇرغۇزسۇن.

كۆڭۈل شۇنى خالايتتىكى، ھەجدە مۇھەببەتتىن بىر دۇنيانىڭ ئۇرۇقلىرى چېچىلسۇن. ئىنسانلار يۈرەكلىرىدە كەلگەن يەرلىرىگە توشۇسۇن بۇ سۆيگۈ ئۇرۇقلىرىنى. ھەر كىشى ياشاۋاتقان تۇپراقنى «ھەرەم» گە ئايلاندۇرۇشنىڭ ھاياجىنى بىلەن قايتسۇن ۋەتەنلىرىگە. شۇندىلا ھەر ھەج ۋە ھاجىم، يەر يۈزىنىڭ ۋە ھاياتىنىڭ ھۆرمەت ۋە قىممىتىگە بىر قاتىما قىممەت قاتقان بولاتتى.

## 9. تونۇش، تونۇشۇش يولىدىكى بىر ئىستىراھەت: «مىنا»

روسۇلۇللانىڭ زۇلھەججىنىڭ 8ـ كۈنى (تەرۋىيە كۈنى) مىنادا قونغان يېرى مەسچىتى خايف ئىدى. ئېخى مەدىنىدىن چىقماستىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرگە ئۇ يەردە ئىستىراھەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ھەج سەپىرىنىڭ تۇنجى كۈنى بولغان تەرۋىيە كۈنى، يەنى قەمەرىيە ئېيى زۇلھەججىنىڭ 8ـ كۈنى مەھشەر مىنادىن باشلايدۇ. روسۇلۇللانىڭ «ھەجنىڭ قائىدىلىرىنى مەندىن ئۆگىنىڭلار» دېگەن يېرى بۇ ئىدى.

مىنا تۇنجى تۇرۇلىدىغان يەردۇر. مەھشەر يولىدا بىر مەكتەپتۇر، ھەج مەكتىپى. ھەجنىڭ مەلۇماتلىرى بۇ يەردە ئۆگىتىلىدۇ. بىلىدىغانلار، ئۆگەنگەنلىرىنى ئۇ يەردە كۆزدىن كەچۈرىدۇ. بۇ ھەزرىتى ئىبراھىم ۋە ئىسمائىلنىڭ دۇئاسىنى يېڭىدىن قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ: **«پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن. بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن بىزگە ھەجىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن! چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن. ناھايىتى مېھرىبانسەن.»** ( سۈرە بەقەرە 128ـ ئايەت)

كۈنىنىڭ ھەممىسى ۋە يا بىر قىسمى روسۇلۇللا خاتىرىسىگە ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئۇ يەردە ئۆتكۈزۈلىدۇ. مۇمكىن بولسا چۈش، ئەسىر، شام، خۇپتەن ۋە زۇلھەججىنىڭ 9ـ كۈنى بامدات نامىزى ئۇ يەردە ئوقۇلىدۇ ۋە ئۇ يەردىن مەرىپەت دېڭىزىغا قېتىلىش ئۈچۈن ئاراپاتقا قاراپ يولغا چىقىلىدۇ.

سەپەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھازىرلىقلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، نامازلار بىر

يولۇچىنىڭ نامىزىغا ئوخشاش ئۇقۇلىدۇ. سەپەر ئېھرامغا كىرگەندىلا باشلانغان ئىدى ئەسلىدە. ئېھرامغا كىرگەن ھەر كىشى ئالالانىڭ مېھمىنى دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇ دائىم نامازلارنىمۇ مۇساپىردەك ئۇقۇشى كېرەك. يەنى ئەسلى تۆت رەكەت بولغان نامازلارنى ئىككى رەكەتكە قىسقارتىپ ئوقۇيدۇ. سەپەر يولدا بولماقتۇر، مۇساپىر يولۇچىدۇر.

ئەرەب تىلىدا سەپەر «ئوچۇقلۇق، رىئال، مەخپىي بولغاننىڭ ئاشكارىلىنىشى، كۆرۈنمەيدىغاننىڭ كۆرۈنىدىغان ھالغا كېلىشى» مەنالىرىغا ئىگە. «سافىرا»، تەسەتتۇرلۇك بولمىغان ئايالغا بېرىلگەن ئىسىمدۇر.

يولدىكى كىشىگە بۇ ئىسىمنىڭ بېرىلىشى ناھايىتى مەنىلىكتۇر. چۈنكى سەپەر قىلىش ئىنساننىڭ ھەقىقىي يۈزىنى ئاشكارىلايدىغان، ئىنساننىڭ سىر قۇتىسىنى ئاچىدىغان، ئىنساننىڭ تاقۇۋالغان نىقابلىرىنى چۈشۈرۈپ ھەقىقىي يۈزى بىلەن كۆرۈنۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بىر ھالەتتۇر. ئىنساننىڭ ئېقى قارىسى يولدا ئاشكارىلىنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ھەزرىتى ئۆمەر: تونۇشۇش ۋە دوستلۇقنى ئۈچ نەرسە ئۈستىگە قۇرغان ئىدى: ئېلىم - بېرىم، دوستلۇق، سەپەر.

سەپەردىشىڭ يولدىن بۇرۇن كېلىدۇ. شۇڭلاشقا كونىلار بۇ قائىدىنى كونىرىمايدىغان بىر قېلىپقا سالغانىكەن. «(ئاۋۋال رەفىق، سۇممەتتەرىق: ئالدى بىلەن يول ھەمراھىڭ، ئاندىن يول ).»

ھەر بىر ھىجرەت ئەبۇبەكرگە ئوخشاش بىر ھەمراھقا موھتاجدۇر. يۈرىكىڭ يۈرىكىگە تايىنىدىغان، دەردىڭنى دەردىگە قوشىدىغان، بىرلىكتە كۆلۈشكە ئەمەس، بىرلىكتە يىغلاشقا ۋە ھەتتا بىرلىكتە ئۆلۈشكە جان پىدا قىلىدىغان دوست.

ئېغىزچە رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئادەم ئاتىمىزمۇ يىتتۈرۈپ قويغان يول ھەمراھى ھاۋا ئانىمىزنى بۇ تۇپراقلاردا تاپقان ئەمەسمىدى؟ بىرلىكتە ئىستىغپار ئېيتىپ بىرلىكتە يىغلاش ئۈچۈن، جەننەتنى قايتىدىن بىرلىكتە تېپىپ مەڭگۈ بىرلىكتە بولۇش ئۈچۈن...

يولغا بىرلىكتە چىقىشنىڭ مۇكاپاتى، مەنزىلى ـ مەقسەتكە بىرلىكتە يېتىپ بېرىشتۇر.

ھىجرەتكە بىرلىكتە چىقىشنىڭ مۇكاپاتى، مەدىنىگە بىرلىكتە كىرىشتۇر.

تۆۋىنى بىرلىكتە قىلىشنىڭ مۇكاپاتى، ئەپۇغا بىرلىكتە نائىل بولۇش دېمەكتۇر.

ياخشى بىر يول ھەمراھىڭ بولسا، يول ئۇزۇقۇڭ بولمىسىمۇ بولىدۇ. بىرىنچىلارنىڭ ئوزۇقى ئىككىنچىلارغا يېتىدۇ. ئوزۇق ھازىرلاشتىن بۇرۇن ھەمراھ ئىزدەشكە كىرىشمەك لازىم. نىيىتى ھەج بولماستىن «خەق نېمە دەپ قالار؟» دەيدىغان ھەمراھ بىلەن يولغا چىقىش، خۇددى گۆش يېيىش نىيىتى بىلەن قۇربانلىققا پاي قوشقان كىشىنىڭ توغرا نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ قۇربانلىقىنىمۇ قۇربانلىق سۈپىتىدىن چىقىرىۋەتكەنگە ئوخشايدۇ.

چىدىشىدىغان دوستۇڭ، سېنىڭ ئۈستۈڭدە ئاتنىڭ ئۈستىدە تۇرغان خۇرجۇندەك ئەمەس، تۆگىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان لوككىدەك مۇستەھكەم تۇرسۇن. بەدىنىڭنىڭ بىر پارچىسى ھالىغا كەلگەن، سىلكىنسە چۇشۇپ كەتمەيدىغان، ئاسانلا سېنى تاشلىۋەتمەيدىغان، يۈرىكىڭ كۆيگەندە سېنىڭ ئۇسسۇزلۇقۇڭنى قاندۇرىدىغان بىر سۇ ئامبىرىغا ئوخشايدىغان، جىددىي ۋاقىتتا يېنىڭدا بولىدىغان، سېنى چۆل ـ دەشتلەردىن ئاشۇرغان بىر «تۆگە لوككىسى» غا ئوخشاش بولۇشى كېرەك.

ئەگەر يېنىڭدا مۇشۇنداق بىرى بولسا، يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ ئۆزۈڭنى ئاراپات يولىغا ئات، «مەرىپەت» يوللىرىغا ئاتلان!..

## 10. ئاراپاتتا مەرپەتكە ـ ئاللاھنى تونۇشقا يۈزلىنىش

«ھەج ئارافاتتۇر» (تىرمىزى 5/214 ؛ 2975)

زۇلھەججىنىڭ 9 ـ كۈنى قۇياش (ئۇمۇ ساڭا شاھىت بولىدۇ) كۆتۈرۈلگەنـدىن كېيىـن ئۇ مەرپەتنىڭ بۆشۈكى بولغان ئاراپاتقا قاراپ يولغا چىقىشىڭ كېرەك. مۇمكىن بولسا ئـۇ يوللار ياللاڭئاياق چىق. پۇتۇڭنىـڭ ئىـزى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئايـاغ ئىزلىرىنـى ئىزدەپ ماڭسۇن.

ئاراپاتقا چىققىنىڭدا ئۆزۈڭنى خۇددى جەننەتنى يوقىـتىپ قويغـان بىـر ئادەمـدەك ھېس قىلىشىڭ كېرەك. ئۇنۇتمىغىنكى، تۇغۇلغان ۋاقتىڭدا پاك ـ پـاكىز ئىـدىڭ، ساپ ئىدىڭ. يەنى جەننەت سەن ئىـدىڭ. ئاللاھقا بەرگەن ئەھـدەڭنى كېيىنلەردە بـۇزدۇڭ. سـاپلىقىڭ يوقالـدى. كىرلەنـدىڭ، بۇزۇلـدۇڭ، ئۆزۈڭگە ياتلاشـتىڭ. ھەقىقەتكە قارشـى ياتلاشتىڭ. ئاللاھقا ۋە مەۋجۇداتقا ياتلاشتىڭ.

بۇ ياتلىشىش سېنى ئـۆزۈڭ بىلەن چىقىشـالمايدىغان بىـرى قىلـدى. ئـۆزۈڭ بىلەن پەقەت كېلىشەلمىدىڭ. شـۇنىڭ ئۈچۈن كەلگۈسـى قـايغۇلۇق، ئۆتمۈشـۈڭ ھەسـرەتلىك ئىدى. خاتىرجەملىك ۋە ھۆررىيىتىڭنى يوقاتقانـدىڭ. بـۇلارنى يىتتـۈرۈپ قويغـان كىشـى بىــر قورقۇنچلــۇق قىممەت يوقىتىشــقا ئۇچرايــدۇ. ئىـتىراپ قىلغىنكـى سەنمۇ شـۇنداق بولـدۇڭ. قىممەتلىرىڭ ئاسـتى ـ ئۈسـتى بولـدى. بۇنـدىن كېيىــن، سـېنىڭ كۆزۈڭگە قىممەتسىز قىممەتلىككە، پەس بولغـان يۈكسەك بولغانغـا، ۋاقىتلىـق بولغـان مەڭگۈلۈك بولغانغا، يالغان ھەقىقەت بىلەن يەر ئالماشـتۇردى. دۇنيـانى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن

ئاخىرەتنى بەردىڭ. ھېسسىياتىڭغا سادىق قىلىش ئۈچۈن ئاشىقىڭغا ئىھانەت ئەتتىڭ. ئىچكى ھېس - تۇيغۇلىرىڭنىڭ تويماس كەلكۈنىگە ئەل بولۇپ ئۆزۈڭگە يامانلىق قىلدىڭ. ئۆز نەپسىڭنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ قا ئازار بەردىڭ.

پۈتۈن بۇلاردىن كېيىن بىر ۋەيرانە كەبى كېلىپ تۇردۇڭ ئاراپات/مەرىپەتنىڭ تۆپىلىكىنىڭ ئېتەكلىرىدە.

ئاللاھمۇ سەندىن دەل مۇشۇنى كۈتۈۋاتاتتى. گۇناھ قىلماسلىقىڭنى ئەمەس، تەۋبە قىلىشىڭنى كۈتۈۋاتاتتى. مۇكەممەللىششىڭنى ئەمەس، بەلكى يېتەرسىز ئىكەنلىكىڭنى ئېتىراپ قىلىشىنى كۈتۈۋاتىدۇ. ئۈمىدسىزلىنىش ئەمەس، بەلكى بوسۇغىسىغا باش قويۇپ ياش تۆكۈشۈڭنى ساقلاۋاتاتتى. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، پەرىشتىگە ئايلىنىپ كېتىشىڭنى ئەمەس، «ئىنسان» بولۇشۇڭنى كۈتۈۋاتاتتى. ھەممىدىن بەكرەك، ئۆز يۈز -كۆزۈڭ بىلەن يېڭىدىن تونۇشۇپ چىقىشىڭنى، ياتلىشىپ كەتكەن ھەقىقەت ۋە ياكى يېڭىدىن چۈشىنىشىڭنى، تەبىئىتىڭ بىلەن يېڭىدىن ئۇچرىششىڭنى، ۋىجدانىڭ بىلەن قايتىدىن كۆرۈشۈشۈڭنى كۈتۈۋاتقان ئىدى.

چۈنكى، بۇ يەر ئاراپات. ئاراپات - تونۇش مەنىسىگە ئىگە «مەرىپەت» دېگەن سۆز تومۇرىدىن تۆرەلگەن بىر ئىسىمدۇر. تونۇيدىغان ۋە ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئارىپ، مەرىپەت، ئېرفان، مارۇق، مەئارىپ ھەممىسى ئوخشاش مەناغا تەۋە سۆزلەردۇر. مەرىپەت - بىلىشتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر نەرسىدۇر. ھەر مەرىپەت بىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە مەرىپەت بىر نەرسىنىڭ جەۋھىرىنى تونۇش، سىرىغا ئېرىشىش، ماھىيىتىنى چۈشىنىش دېمەكتۇر. نەرسە ۋە مەۋجۇداتلارنى ئەسلى ھالىتى بويىچە بىلىۋېلىش. بىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىمىز مەرىپەت دەل بۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر. ئالەملەرگە رەھمەت قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر دائىم: «ئەي پەرۋەردىگارىم! سەن ماڭا ھەر نەرسىنى قانداق بولغان بولسا شۇ پېتى، ئۆز ھەقىقىتى بىلەن كۆرسەتكىن، دەپ دۇئا

قىلالىتتى.»

مانا شۇ ۋاقىتلاردا ئۈستىدە دەسسەپ تۇرۇۋاتقان ئاراپات، مەرىپەت يېرىدۇر. ئادەم ئۆز ھەقىقىتىنى، ئاجىزلىقىنى، يېتەرسىزلىكىنى، چەك - چېگراسىنى ئۇ يەردە تونۇيدۇ. ئادەم، ئاراپاتتا ئىنسان بولىدى.

سەنمۇ ئادەم ئوغلىسەن، ئۆزۈڭ بىلەن تونۇشۇشقا كەلدىڭ. ھېكمەتنىڭ ئەڭ تولۇق فورمۇلىسىدۇر: ئۆزىنى بىلگەن رەببىنى تونۇيدۇ. ئەگەر ئۆزۈڭنى بىلسەڭ سەنمۇ رەببىڭنى بىلەلەيسەن. رەببىڭنى بىلىپلا قالماستىن، مەۋجۇداتنى، ئىنسانىنى، دوستىنى، دۈشمەننى، ئۆلۈمنى، پەسنى، مەڭگۈلۈكنى، ۋاقىتلىقنى تونۇيسەن.

ئۆزۈڭنى بىلمەستىن ۋە تونۇماستىن نېمىمۇ قىلالايتتىڭكى؟ چەك - چېگراسىنى، ئىمكانىنى، ئىمكانسىزلىقىنى يەنى ھەددىنى ۋە بۇ چېگرالارنى بىلمەي تۇرۇپ نېمىلا ئىش قىلماقچى بولساڭ، ھەر ئىشىڭنى بەربات قىلىشىڭ مۇقەررەردۇر.

تونۇشتۇم دېگەنلىرىڭدىن بىرقانچە يىللاردىن كېيىن ئاھانەت كۆرگىنىڭنى، يۈرىكىڭنىڭ ئۈمىدسىزلىكتىن مازارلىققا ئايلانغانلىقىنى، ئەڭ قاتتىق ئازابلارنى ئەڭ يېقىنلىرىڭدىن كۆرگەنلىرىڭنى سۆزلىسەڭ، سېنىڭ تونۇش ۋە تونۇشۇش بىلەن ئاراڭنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. دەل پۇرسىتى بۇ. ئەمدى «تونۇشۇش» بىلەن تونۇشۇپ چىقسەن. چۈنكى، بۇ تۇپراقلار، سەن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئاراپات كۈنى، ئىرپاننى ئۆگەتكەن مەرىپەت دىيارى ئارافاتتۇر.

ئاراپات پەقەت تونۇشۇش يېرىلا ئەمەستۇر، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇچرىشىش يېرىدۇر. چۈنكى، ھاۋاڭىز بىلەن، ھاۋۋالىرىڭىز بىلەن ئۇچراشقان يەردۇر. ھاۋا ئانىمىز پەقەت بىر ئۆمۈرلۈك ھەمراھلا ئەمەس، بەلكى جان يولدىشى، بىر يول دوستى، بىر كۆرەشچى دوست، بىر يۈرەك دوستتۇر. يوقىتىپ قويغان نەچچە يۈرەكلەرنى - ئالدى بىلەن ئۆز يۈرىكىڭنى ئاراپاتتا تېپىۋالىسەن. ھاۋا سېنىڭ قورشاۋىڭدۇر. قورشاۋىڭ؛

يەنى ھەم جەھەننەمنىڭ، ھەمدە جەننەتنىڭدۇر.

«بىغىشلاشقا تۇرۇش»

ۋەخپە ئـۆزۋۇدىنلا «تـۇرۇش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيـدۇ. ئۇنـداقتا «ۋەقـف كە تۇرۇش (يەنى ئاراپات تىغىدا بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە تۇرۇش، دۇئا قىلىش، ناماز ئوقۇش)» دېگەن ئىپادە خاتا ئەمەسمۇ؟ ياق، ئۇنـداق ئەمەس. ئەكسىچە مەسىلىنىڭ مەركىزى نۇقتىسىغا دىققىتىمىزنى تارتىدىغان بىر ئىپادىدۇر. ۋاقفە يەنى بىغىشلاشقا تۇرۇش دېگەنلىك.

چۈنكى ۋەقفكە تۇرۇش، «تۇرۇش ئۈچۈن تۇرۇش» دېگەنلىكتۇر، يەنى «تۇرۇش ئۈچۈن ئىگىلىمەك» دېگەننىمۇ ئىپادىلەيدۇ. يەنى سىزنىڭ بىگانە تۇرۇشىڭىز، نەدە تۇرۇشىڭىز، نېمىگە قارشى تۇرغۇنىڭىز، نېمىنىڭ ۋە كىمنىڭ يېنىدا تۇرغۇنىڭىز، قانداق تۇرغۇنىڭىز، نېمىشقا تۇرغۇنىڭىز؟

ۋاقفە ھەركىمنىڭ ئـۆز تۇرۇشىنى كونتـرول قىلىشىدۇر. ئالـدى بىلەن يـالغۇز ۋە شەخسى تۇرۇشۇڭنى. كىشى ئۆزىگە قارشـى نەدە تۇرىدۇ؟ يۈرىكىڭنىڭ يېنىدىمۇ ياكى ئىچكى ھېس تۇيغۇلىرىڭنىڭ يېنىدىمۇ؟ ئىمانىنىڭ يېنىدىمۇ ياكى شەيتاننىڭ يېنىدىمۇ؟ فىترىتىڭنىڭ يېنىدىمۇ ياكى ئۇزاقتىمۇ؟

راستىنلا بىر يەردە تۇرامدۇ ھەقىقەتەن؟ ياكى بولمىسا ئۈزۈپ - يۇرۇپ لىنىيىسىنى يوقاتقان، رولى سۇنۇپ كەتكەن، دېڭىزنىڭ بوران - چاپقۇنلاردا قالغان بىر كېمىدەك، ئۇ يەردىن بۇ يەرگە سۈرۈلۈپ سۇغا چۆكۈپ كېتىشىنى ساقلاۋاتامدۇ؟ بىر يەردە تۇرغان بولسا نېمىشقا ئۇ يەردە تۇرىدۇ؟ تۇرغان يېرىنى ئۆزى تاللىدىمۇ ياكى باشقا بىرى تەرىپىدىن بېكىتىلگەنمۇ؟ تاسادىپىي ئۇ يەردە تۇردۇڭمۇ ياكى بىلىپ تۇردۇڭمۇ؟ يەنى، تۇرغان يېرىنىڭ ئارىفىمۇ؟

يەنە بىرىگە كىشىنىڭ جامائەت بىلەن تۇرۇشـى لازىم: ئۆزىـدىن باشـقىلار بىلەن

تۇرۇشى لازىم، ئۇنداقتا بۇ قانداق تۇرۇش؟ يولدىشىغا، دوستىغا، ئائىلىسىگە، جامائىتىگە قارىتا قايسى ئورۇندا تۇرىدۇ؟ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ۋەقەلەردە قەيەردە، كىملەرگە قارشى، كىملەرنىڭ قېشىدا تۇرماقچى ياكى تۇرىدۇ؟

مەسىلەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە بۇتقا ۋە بۇتپەرەسلەرگە قارشى تۇرۇۋاتامدۇ ياكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا قارشى بۇتپەرەسلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇۋاتامدۇ؟ قۇرئاندىكى ئىپادىسى بويىچە شەيتانغا قارشى «ئاللاننىڭ پارتىيىسى» بىلەنمۇ ياكى ئاللاھقا قارشى «شەيتاننىڭ پارتىيىسى» بىلەن تۇرۇۋاتامسەن؟ زالىملار ۋە تاغۇتلارنىڭ سېپىدا تۇرۇۋاتامسەن ياكى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلار ۋە ئېزىلگەنلەرنىڭ سېپىدىمۇ؟

ئارافاتتىكى بۇ تۇرۇش يەنە ئىككى يەردە تەكرارلىنىدۇ. مەشئارىل ھەرەم بار بولغان مۇزدەلىفە ۋە باشقا بىرى مىنادىدۇر. مۇزدەلىفەدىكى تۇرۇش كەبىنىڭ يېقىنلىرىدا ئاللانىڭ ھوزۇرىغا بارماي تۇرۇپ ئىككىنچى قېتىپ گۇناھتىن پاكىزلىنىش يېرىدۇر. مىنا بولسا شەيتانىي ھېس - تۇيغۇلار بىلەن ھېسابلىشىپ، ئاللانىڭ ھوزۇرىغا ئەھدىنامىڭىزنى يېڭىلاش ئۈچۈن پاك - پاكىز، زىننەتسىز، شەرتسىز بېرىش ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى پاكلىنىش مەھەللىسىدۇر. ئاراپاتتا ئۆزۈڭ بىلەن تونۇشتۇڭ، مەرىپەتكە ئېرىشىپ ئۆزىڭىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلدىڭىز، ھازىر قىلىدىغان پەقەت بىرلا ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ: دۇئا ...

## 11. دۇئا

قۇلنىڭ ئاللاھقا دۇئاسى، بەندىچىلىك ۋە ئاجىزلىق بەلگىسىدۇر
ئاللانىڭ قۇلغا دۇئاسى - رەھمەتتۇر.

دۇئا بىر چاقىرىقتۇر، يەنى دەۋەتتۇر. قۇرئاندا ھەم «ئاللانىڭ قۇلغا» ھەمدە «قۇلنىڭ ئاللاھقا» دۇئا قىلىشى شەكلىدە ئايەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ھەج ئاللانىڭ دۇئاسىدۇر، يەنى قۇللىرىغا چاقىرىقى. قۇل بۇ دەۋەتكە «لەببەيكە ئاللاھۇممە لەببەيك: مەن ھازىر ئاللاھىم، مەن ھازىر» دەپ قوبۇل قىلىدۇ ۋە كېلىدۇ.

كېيەنگە سىمۋول قىلىنغان ئىبراھىمغا يۈگۈنىپ كەلدىڭ. بۇنىڭ مەنىسى: ئاللاھىم ساڭا قايتىدىغانلىقىمنى بىلىمەن، ئاخىرىدا ساڭا ھېساب بېرىدىغانلىقىمغا ئىمان ئېيتىمەن. «ھېسابقا تارتىلىشتىن بۇرۇن ئۆز نەپسىڭنى ھېسابقا تارت» دېگەن پەيغەمبىرىمگە ئىتائەت قىلدىم ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېلىپ ساڭا يالۋۇرغان يەردە مەنمۇ ساڭا يالۋۇردۇم.

ئاللاھىم!
ئەي ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ رەببى!
ئەي مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رەببى!

ئەي بىچارىلەرنىڭ رەببى!

مەن مەنۋى بىر چۆلگە ئايلانغان تۇپرىقىمدىن، بۇ مەنە ئوكيانىغا بىر تامچە بولۇش ئۈچۈن كەلدىم. بىلدىمكى، چۆلگە تامچىغان تامچە پارغا ئايلىنىپ چۆل بولىدىكەن، كۆلگە تامچىغان تامچە كۆل بولىدىكەن. مەنمۇ بۇ رەھمەت ئوكيانىغا قېتىلغان بىر تامچە بولۇشنى خالايمەن. بۇ رەھمەت دېڭىزىنىڭ پاكىز ۋە پاك سۈيىگە مېنىمۇ قوبۇل ئەيلە ئەي ئىگەم!

ئاللاھىم! مۆئمىنلىرىنىڭ، دۇنيانىڭ ئىگە ـ چاقىسىز يېتىملىرى بولدى. مەنمۇ شۇ بىرىنى پۈكۈلۈك ئىگە ـ چاقىسىز يېتىملەرنىڭ بىرىمەن. مېنىڭ ئىگە ـ چاقىسىز بولۇشۇمنىڭ سېنىڭ ئالدىڭدا ھېچبىر قىممىتى بولماسلىقى مۇمكىن. پەقەت سېنىڭ نەزىرىڭدە بەكمۇ قىممەتلىك بولغان ئىسلامنىڭ يېتىملىرى، ئىگە ـ چاقىسىزلىرى، تىرىك شاھىتلىرى بار! مېنىمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قوبۇل قىلغىن!

قوبۇل قىلغىن ئى ئاللاھىم!

قۇرئاننىڭ تاشلىۋېتىلگەن، پۈتۈن ئىسلام ئالىمى چۈشكۈن، دىنىڭ غەمكىن، دوستلىرىڭ ناھەقچىلىكتە، دۈشمەنلىرىڭ مەغرۇر، قانۇن پەرمانلىرىڭ توساللغۇغا ئۇچرىدى. پەرىشان ھالىمىز ساڭا ئايانىدۇر. ئىشەندىمكى، قۇلۇڭنىڭ كۆچى تۈگىگەن يەردە، سېنىڭ ياردىمىڭ باشلىنىدۇ. «تۈگەشتىم،ئەي رەببىم!» دېگەنلەرگە «كەلدىم ئەي قۇلۇم!» دەرسەنمۇ؟

«ئىلاھىم! ياردىمىڭ قاچان كېلىدۇ؟» دېگۈدەك دەرىجىدە. سىقىلمىدۇق، سىنالمىدۇق، سىلكىنمىدۇق، بەدەل تۆلىمىدۇق. پەقەت تاقىتىمىز يوق، كۈچىمىز ئاز، يولىمىز ئۇزۇن، ئاغزىمىز قۇرۇق، يۈكىمىز ئېغىر، تەلىيىمىز يوق، دوستىمىز ئاجىز، دۈشمىنىمىز كۈچلۈكتۇر. بۇ ئەھۋالدا ساڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تائىفتىن قايتقاندا ئەبۇ قۇبەيسنىڭ تۆپىلىكىدە، تىخى مەككىگە كىرمىگەن، مەككىگە قاراپ

كۆزلىرىگە لىق ياش ئالغان ھالدا قىلغان مۇنۇ دۇئاسى بىلەن نىدا قىلىمىز!
ئەي ئاللاھىم! كۈچ ـ قۇۋۋىتىمنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ساڭا ئەرز قىلىمەن!
كۈچۈمنىڭ ئاز قالغىنىنى، ئىنسانلارنىڭ ئالدىدا ئاياغ ئاستى قىلىنغىنىمنى ساڭا شىكايەت قىلىمەن!!

ئەي رەھىم قىلغۇچى ئىگەم!!!
سەن ئېزىلگەنلەرنىڭ ئىگىسىسەن. مېنىڭمۇ ئىگەم سەن!
مېنى كىملەرنىڭ قولىغا تاشلاپ قويدۇڭ؟
ماڭا قوپاللىق قىلغان ياتلارنىڭ قولىغىمۇ؟
ياكى دائىم گۆرۈگە ئالىدىغان بىر دۈشمەنگىمۇ؟
ئەگەر سەن ماڭا غەزەپلەنمىگەن بولساڭ،
قەتئىي بۇلارنى كۆڭلۈمگە ئېلىپ قويمايمەن!
لېكىن ياخشىلىقىڭ مېنى راھەتلەندۈرىدۇ!
سېنىڭ قاراڭغۇلۇقنى يورۇتقان نۇرۇڭغا سېغىنىمەن!
دۇنيا ۋە ئاخىرىتىمنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋىدىغان نۇرۇڭغا سېغىنىمەن!....
غەزىپىڭ كەلگەندە، ماڭا تېگىدىغان ئاچچىقىڭدىن
قېچىپ قۇتۇلغۇدەك بىر يەر ئىزدەۋاتىمەن!
ساڭا سېغىنىدىم، مەندىن رازى بولساڭ بۇ ماڭا يېتەرلىك.
كۈچ ۋە قۇۋۋەت سەندىن،
يالغۇز سەندىن!» (ئىبنى ھىشام 2 ـ 29 ـ 30)

ئى ئاللاھىم!
كۆڭلىمىز چۆللىشىپ كەتتى. بىزگە مۇھەببەت بەر!!

ئۈممەت پارچە ـ پارچە بولدى، ۋەھدەت (بىرلىك) بەر!

كۆپۈرنىڭ تىرناقلىرىدا پەسكەش، رەزىل ۋە رەسۋا بولدۇق، ئىززەت بەر!

ئۆزىمىزگە قارشى ياتلىشىپ «پەسكەش مايمۇن» غا ئايلاندۇق، بىزگە ئادەمنىڭ باشتا يارىتىلىشىدەك ئىنسانى تەبىئىي خۇلق بەر!

يۈز يىللاردۇر بەخت ـ سائادەتنىڭ بۇلىقى ئىدۇق، ئەمدى پىقىرغا ئايلاندۇق، سائادەت ۋە سالامەتلىك بەر!

ساختا رەھبەرلەرنىڭ پېشىدە، ئۆز سىرلىق تۇمانلار ئىچىگە مەھكۇم بولدۇق، ھىدايەت بەر!

تاشلىشىپ كەتكەن يۈرەكلىرىمىزنىڭ كۆزلىرى كور، قۇلاقلىرى پاڭ، دىللىرى لال بولدى، توغرىنى كۆرىدىغان كۆرۈش كۈچى ۋە ھەقنى ئاڭلايدىغان قۇلاق بەر!

ئۆز قورقۇنچىمىزنىڭ ئەسرى بولدۇق، قورقۇنچاقلىق كىسىلىمىزنىڭ تۇتقۇنى، ۋەھىملىرىمىزنىڭ خىزمەتچىسى بولدۇق، جاسارەت، شجائەت ۋە تەمكىنلىك بەر!

* * *

دەپ يالۋۇرسەن. ئۇنىڭ بوسۇغىسىغا بېشىڭنى قويۇپ، يىغلاپ ئاقسەن، ھۆكرەيسەن، ھۆكرەيسەن. ئۇندىن باشقا ئىشىك يوق. ئۆزىڭنىڭ كىچىكلىكىنى بىلگەن ئۇنىڭ بۈيۈكلۈكىنى بىلىدۇ. ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى بىلگەن، ئۇنىڭ مۇكەممەللىكىنى بىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە مەھرۇم ئىكەنلىكىنى بىلگەن، ئۇنىڭدىن ئىستەيدۇ!

شېرىكلىك: كىشىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى يېتىدىغانلىقىنىڭ ئاڭسىز ئىپادىسىدۇر. دۇئا، قۇلنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە يېتىشەلمەيدىغانلىكىنىڭ ئەڭ كەسكىن ئىپادىسىدۇر. ناماز، دۇئانىڭ ھەرىكەتكە ئايلانغان شەكلىدۇر. دۇئا ئاجىزلىقنىڭ ئېتىراپىدۇر. دۇئا، ھەددىنى بىلىشتۇر. شۇڭلاشقىمۇ «دۇئا ـ ئىبادەتلەرنىڭ مېڭىسى، يىلىكىدۇر» (تىرمىزى 5ـ545 : 3371) «دۇئا ـ ئىبادەتلەرنىڭ نەق ئۆزىدۇر.» (ئەبۇدۇۋۇد 2ـ76؛ 1479)

بۇ سەۋەپتىن قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى، **«ئەگەر سىلەرنىڭ دۇئايىڭلار بولمىسا، پەرۋەردىگارىم سىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ، ....»** (25-سۈرە فۇرقان 77-ئايەت) «دۇئا قىلىڭكى، قوبۇل قىلاي» دەپ بۇيرۇغان ئاللاھ. رەببىمىز ئۆزىنى يىراق دەپ گۇمان قىلغانلارغا شۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ: **« ئەگەر بەندىلىرىم مەن توغرۇلۇق سەندىن سورىسا ئۇلارغا ئېيتقىنكى، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن.»** ( 2-سۈرە بەقەرە 186 - ئايەت)

ئاللاھ چاقىردى، سەن كەلدىڭ. ئارافاتتىسەن، رەھمەت تېغىنىڭ بويلىرىدا سەن. ئەمدى نۆۋەت سەندە. سەن چاقىرسەن، ئۇنى كۈتۈۋالغۇدەك ساغلام بىر قەلبىڭ بارمۇ. ئۇنى خارابىگە ئايلانغان، شەھەر ئەخلەتخانىسىدىنمۇ بەتتەر ھالغا كېلىپ قالغان بىر يۈرەككە تەكلىپ قىلالمايسەن. ئالدى بىلەن ئۇ يەرنى تازىلىشىڭ كېرەك. بۇنداق يەرنى تازىلايدىغان بىردىنبىر نەرسە - كۆز يېشى بولۇشى كېرەك. ئۆز - ئۆزۈڭگە دېيىشىڭ كېرەك: «پاكلىغىن ئەي كۆڭۈل ئۆيۈڭنى/ يار كېلىدۇ يەرلەشكىلى»

پاكلىنىشىڭ ۋە چاقىرىشىڭ كېرەكتۇر. ھەقىقەتەن ھەر لەببەيكىڭ ھەم ئىجابەت ھەم دەۋەتتۇر.

«مەن كەلدىم، سەنمۇ رەھمىتىڭ بىلەن كەل، مەغپىرىتىڭ بىلەن كەل، ياردىمىڭ بىلەن كەل، لۇتفىڭ بىلەن كەل، ئېھسانىڭ بىلەن كەل!» دېگەنلىكتۇر.

رەھمەت تېغىنىڭ ئېتەكلىرىدە، رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ) ئۈستىدە ئولتۇرۇپ دۇئا قىلغان قىيا-تاش ھازىرمۇ ئۆز پېتى تۇرىدۇ. ھەزرىتى نەبىنىڭ كۆز ياشلىرىغا شاھىت بولغان، پۈرىقىنى ھىدلىغان، ئاۋازىنى ئاڭلىغان بۇ جاي ساڭىمۇ شاھىت بولغۇسى. ئورۇن جايىڭمۇ ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى بارلىقىنى ئۇنتۇماسلىقىڭ كېرەك.

بىلىشىڭ كېرەككى، ئاراپات تېغى لاتارىيە بىلەتى سېتىلىدىغان يەرگە ئوخشىمايدۇ.

ئادەمـدەك ئىككـى پۇكلـۇم بولـۇپ كەلگەنلەر، جەننەتنى ئىستىگەنلەر ۋە گۇنـاھىنى ئېتىراپ قىلىپ ئۆزىنى تەنقىد قىلغانلار كەچۈرۈمگە ئېرىشىدۇ.

ھەج بىر ئىبادەتتۇر. ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى نىيەتكە باغلىق. ئىبادەتنى قوبۇل قىلىدىغىنى بولسا ئاللاھتۇر. ھېچقانداق بىر ئىبادەتنىڭ ئالدىنئالا قوبۇل قىلىنىش كاپالىتى يوقتۇر. بۇ، ھەج ئۈچۈنمۇ شۇنداقتۇر. مۆمىن كىشى، ھەج ئىبادەتنى «قوبۇل بولغاندىمۇ؟» دېگەن ئەندىشە ئىچىدە تاماملايدۇ. «رەببىم يۈزۈمگە ئۇرما!» دېگەندەك ئۆتۈنۈشمۇ بولىدۇ. شۇڭلاشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ھەجنىڭ مۇكاپاتى پەقەتلا جەننەتتۇر» دېمەستىن، «قوبۇل بولغان ھەجنىڭ مۇكاپاتى پەقەتلا جەننەتتۇر» دېگەن ئىدى.

دۇئالاردىن قوبۇل بولۇشقا ئەڭ ئەرزىيدىغان دۇئا ـ قەلبتىن چىقرىپ قىلىنغان دۇئادۇر. ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ ھەرقانداق بىرى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەمدىن «شۇ يەردە شۇ دۇئانى ئوقۇڭ» دېگەنگە ئوخشىغان بىرەر ئىش سادىر بولغان ئەمەس.

ئادەم بىلەن شەيتاننىڭ پەرقى ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتۇر. شەيتانمۇ قوغلاندى، ئادەممۇ قوغلاندى. شەيتانمۇ بۇيرۇققا بويسۇنمىدى، ئادەممۇ بۇيرۇققا بويسۇنمىدى. پەقەت شەيتان خاتالىقىدا چىڭ تۇرۇۋالدى ۋە گۇناھىنى ئاقلاپ تۇرۇۋالدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام بولسا، خاتالىقىدا چىڭ تۇرۇۋالماستىن پۇشايمان قىلدى ۋە تەۋبە قىلدى. تەۋبە ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزى بىلەن يۈزلەشمىسىدۇر. تەۋبە، ئۆز-ئۆزىگە تەنقىدتۇر، ئۆز ـ ئۆزىگە تەنقىد تەۋبىدۇر. بۇنىڭ مۇكاپاتىغا يېتىلۈرۈۋەتكەن جەننەتنى قايتا قولغا كەلتۈرگىنىنىڭ ئۈستىگە يەنە تېخى دۇنيا سائادىتىگىمۇ ئېرىشتى.

ھەج، ھەجگە كەلگەن ھەر مۆمىن ئۈچۈن يىڭى تۇغۇلۇش (باشلىنىش) بولۇشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە ئاراپاتتا ھەقىقىي مەرىپەتكە ئىگە بولغان

كىشىنى تەسـۋىرلىگىنىدە، «ئانىسىدىن تۇغۇلغـان كۈنىدىكىـدەك» دېگەنــدى. مانــا مۇشۇنداق بىر مىلات. ئاراپاتتا يىغىلـدىن تۇغۇلغان بىـر مۆمىن ھاياتىنى، «مىلادىـدىن بۇرۇن مىلادىدىن كېيىن» دېگەندەك «ھەجدىن بۇرۇن ۋە ھەجدىن كېيىن» دېگـۈدەك دەرىجىدە ياخشى تەرەپكە ئۆزگەرتىشى، ھەج ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغىلدىن تۇغۇلۇش بولۇشى كېرەك.

ئاراپـات ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ تۈۋرۈكىـدۇر. بـۇ سەۋەبتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالام «ھەج ئارافە» (يەنى تونۇش، بىلىشتۇر) يەنى تونۇش بىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىـدىغان ئارافـات تېغىـدا تـۇرۇش بىلەن ئـادا تاپىـدۇ، دېگەن ئـىدى. بـۇ ھەدىس ھەجنىڭ مەقسىتىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويـدى. بۇنىڭغا قارىغانـدا ھەجنىڭ مەقسىتى مەرىپەتتۇر. كىشىنىڭ ئـۆز ـ ئـۆزى بىلەن تونۇشـۇش، بىلىشـتۇر. كىمكـى ھەجـدە ئـۆزىنى، ئـۆزىنى ياراتقـان رەبـبىنى ھەققىي تونـۇش سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلمىسە دېمەك ھەج قىلمىغانـدەك بولىدۇ.

شـۇنداق ئاجـايىپ بىـر ئـىش بـاركى، بەزى فىقھـى كىتـابلاردا «ئاراپـات تۇرۇشىدا ئاراپاتتـا تۇرغـانلىقنى بىلىشـى شەرت ئەمەسـتۇر. خالىسـاڭ ئـاڭلىق خالىساڭ ئاڭسىز، ئاراپـات چېگراسىنىڭ ئىچىـدە بولغـان ھەركىم ئاراپـات ۋاقفە (تۇرۇشـى) نـى تۇرغـان بولىدۇ» (كاسانى، ئەلبەداۋى قاتارلىق كىتاپلارغا قارالسۇن) دېيىلمەكتىدۇر.

شـۇ ھالـدا ئاراپاتقـا تۆگە بىلەن، باشـقا ئـۇلاغ بىلەن، ئـات بىلەن كەلگەن بىـر كىشىنىڭ ئــۇلىغى بىلەن ئــۆزى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نېمە؟ يــاكى تاكســى بىلەن، ئاپتوبۇس بىلەن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ماشىنىسـى بىلەن ئۆزىنىـڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نېمە؟

ئىبادەت بىر بىلىپ يېتىش بولمىسا نېمە ئۇ؟

ئىبادەتنىـڭ جەۋھىرى كۆزگە ئىلىنمىغان بىـر يەردە، ئىبـادەتتىن تەلەپ قىلىنغان

نەتىجە قانداق ھاسىل بولىدۇ؟

ئاراپــات بىــر مەھشەر مانىبۇرىـــدۇر. بــۇ سەۋەبتىن ئــۇ يەردە سەپەرنىڭ داۋام قىلىۋاتقــانلىقىنى تەكىتلەش ئۈچــۈن پىشىن ۋە ئەسىر نــامىزى بىرلەشــتۈرۈلۈپ پىشىن ۋاقتىــدا جەملەپ ئوقۇلىــدۇ. بــۇ ســۈننەت ھەجنىڭ بىــر تۈرلــۈك جىھــاد ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن مەنىلىكتۇر. چۈنكى نامازلار، «جىھاد» قا چىقىلغان سەپەردىكىلەرگە ئوخشاش.

ئەسلى ســانغا قايتقانــدۇر. ئائىشە ئــانىمىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئايالالارنىــڭ جىھادىنى سورىغاندا شۇنداق جـاۋاب بەرگەن. **«ئۇلارغا ئىچىــدە ئــۇرۇش بولمىغــان بىــر جىھاد بار: ئۇ بولسىمۇ ھەج ۋە ئــۆمرە»** (ئەھمەد بىــن ھەنبەل 6ـ165؛ ئىبنــى ماجە 2ـ968؛ نومۇرى 2901)

## 12. مەشئارىل ھەرەم (مۇزدەلىفە)

**«ئەرەفاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا مەشئەرى ھەرەمدا (يەنى مۇزدەلىفەدە) الله نى ياد ئېتىڭلار، الله سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ياد ئېتىڭلار، ئىلگىرى سىلەر ھەقىقەتەن گۇمراھ ئىدىڭلار (يەنى الله سىلەرنى ھىدايەت قىلىشتىن ئىلگىرى گۇمراھلار قاتارىدا ئىدىڭلار) (198) ئاندىن كېيىن، سىلەر (ئەرەفاتتىن) كىشىلەر قايتقان جاي بىلەن قايتىڭلار، الله تىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار. الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»** (2-سۈرە بەقەر 198-199- ئايەتلەر)

ئاراپاتتا مەرىپەتكە ئۇلاشتىڭ. ئۆزۈڭ بىلەن يۈزلەشتىڭ. رەببىڭگە يۈرىكىڭنى ئاچتىڭ، ئۆز - ئۆزۈڭنى تەنقىد قىلدىڭ، نىقاپلىرىڭنى ئېلىپ تاشلاپ ئۆزۈڭنىڭ ھەقىقىي يۈزۈڭنى تونۇدۇڭ. ئاراپاتتا قىيامغا تۇردۇڭ، رەھمەت تېغىنى قىيام مەركىزى قىلىنغان كەئبە بىلەن ئۆزۈڭنىڭ سايىسىدە رەببىڭنى رەھمىتى بىلەن دەۋەت قىلدىڭ.

ئەمدى رەھمەت يۈكلىۈك بولۇتتەك ئىككىنچى قىيامنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بايرام كېچىسىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، مەككىنىڭ قارا زۇلۇفلىرىدە يەر ئالغان مۇزدەلىفەگە قاراپ يولغا چىقىشىڭ كېرەك. ئۇنتۇما، سەپەر داۋام قىلىۋاتىدۇ. يەنى جىھاد داۋام قىلىۋاتىدۇ.....

ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزىدا كېتىۋاتىسەن. ئىزلىرىڭ ئۇنىڭ ئىزىغا

ئارىلىشىدۇ، دۇئالىرىنىڭ ئۇنىڭ دۇئاسىغا سىڭىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ مۇزدەلىفەدە كېلىپ تۇرغان مەشئارىل ھەرەمدە سەنمۇ تۇرىسەن. ئاراپاتتا قەسەم قىلغان كۈندۈزنى، قۇياشنى، كۈننىڭ پېتىشىنى ئۆزەڭگە شاھىت قىلغان ئىدىڭ. ھازىر يەنە قۇرئاندا ئۇ توغرۇلۇق قەسەم قىلىنغان «قاراڭغۇ بولغاندا كېچىنى، ئاينى ۋە فەجرىنى» ئۆزۈڭگە شاھىت قىلىسەن. يەنى ئىنسان ئۆمرىنىڭ كىچىكلىتىلگەن مودېلى بولغان بىر كۈننىڭ بارلىق ۋاقىت بۆلەكلىرىنى ۋە ۋاقىتلىرىنى، قىيام (تۇرۇش) غا شاھىت قىلىسەن.

ئۇ شۇنداق بىر كۈن ئىدىكى، كېچىسى قەبرە، سەھىرى يېڭىدىن تىرىلىش. چۈشتىن بۇرۇن مەھشەر، چۈشلۈكى ھېساب، چۈشتىن كېيىنى بولسا مۇكاپات ياكى جازادۇر.

ئۇ شۇنداق بىر كۈنكى، ئىنسانىيەت داستانىنىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر. ئۇ شۇنداق بىر ئىنسانىيەتكى، ھاياتلىقنىڭ سەپىرىنى بىر كۈننىڭ ئەتىگەن تەرىپىدە ئادەم ئەلەيھىسسالام بولۇپ باشلىدى. چۈشتىن بۇرۇن نوھ ئەلەيھىسسالام بىلەن، چۈشتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن، چۈشتىن كېيىن بولسا مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن داۋام قىلىپ زاۋال ۋاقتى يەنى كۈن ئولتۇرىدىغان ۋاقىتقا (قىيامەتكە) يېقىنلاشتى

ئارتۇق ۋاقىت چۈشتىن كېيىن. ئىنسانىيەتنىڭ ئاخشىمىغا ئاز قالدى. چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتنىڭ ئىنسانى، ئازغۇن زامانلارنىڭ ئىنسانى، زامانىۋى ئىبزىشىنىڭ قۇربانى نېمە قىلىسۇن؟

**« وَالْعَصْرِ: ئەسىر بىلەن قەسەمكى،**

**إِنَّ الْإِنسَانَ لَفِي خُسْرٍ: ھېچ شۈبھىسىزكى ئىنسانىيەت زىيان ئىچىدىدۇر.**

**إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ: پەقەتلا، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ، بىر- بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان ۋە بىر -**

**بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا . . .**

پەقەتلا ئىمان ئېيتقانلار، ياخشى (سالىھ) ئەمەل قىلغانلار، ھەقنى ۋە سەبىرنى بىر بىرىگە تەۋسىيە قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر.» (103 ـ سۈرە ئەسىر 1 ـ 2 ـ 3 ـ ئايەتلەر)

ئاراپاتتىن ئاققان ئىككى يۈتلۈق رەھمەت كەلكۈنى مەككىنىڭ قارا زۇلۇفلىرىدىن يەر ئالغان قۇزاھ تېغىنىڭ ئېتەكلىرىدىكى مەشئارىل ھەرەمدە قىيامغا تۇرىدۇ.

مەشئار، (يەنى ئاڭقىرىش يېرى، بىلىش جۇغرافىيىسىدۇر) ئاڭمۇ، شىئارمۇ، شېئىرمۇ ئوخشاش مەنە ساھەسى ئىچىگە كىرىدۇ. شەئائىردىن سۆز قىلغان قۇرئان، ھەجنىڭ پائالىيەتلىرى ئۈچۈن «شىئار» ئۇقۇمىنى قوللانغان ئىدى. شىئار يەنى سىمۋول. شۇنداق ھەج بىر سىمۋوللار يۇماغىدۇر (يۇمىلاقى). ھەر بىر سىمۋول بىر نەرسىگە سىمۋول قىلىنىدۇ. ئېھرام، ھەرەم، مىقات، ئاراپات، مەشئار، مىنا، ۋاققە (تۇرۇش) رەھمەت تېغى، جەمرەلەر (شەيتانغا تاش ئېتىلىدىغان يەر)، كەبە، ھەجەرۇل ئەسۋەد، تاۋاپ، سەيئى، ماقام، سافا ۋە مەرۋە ... ھەممىسى ئاللانىڭ بىز ئىنسانلارغا بەلگىلەپ بەرگەن ھەج ئىبادىتىنىڭ سىمۋوللاردۇر. (مىن شەئارىللاھ)

مۇتلەق ھەربىر سىمۋول بىرنەرسىگە سىمۋول قىلىنىشى كېرەك ئىدى. بۇلار بىر ئىنساننىڭ بەدىنىگە ئوخشايتتى. بۇ بەدەننىڭ بىر روھى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ روھ بولماستىن قىلىنغان ھەج، روھسىز بىر جەسەتكە ئايلىنىدۇ. ھەجنىڭ ھەج بولۇشى سىمۋوللاردىن تەركىب تاپقان بۇ بەدەندە سىمۋول قىلىنغان روھقا ئىگە بولۇش ۋە بۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈش بىلەن بولىدۇ.

ئۇنداقتا، بۇنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرىمىز؟

شۇنداق، ماشئەرىل ھەرەم يىغىلىدىغان يەر. بۇ سىمۋوللارغا روھنى كىيدۈرۈش ئۈچۈن بىكىتىلگەن بىر بىكەت ئىدى. بۇ بىكەتلەرنىڭ ھەققىنى بەرمەي ئۆتكەنلەر،

قىلغان ئىشنىڭ سىرىغا ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇ ھالدا مەشئاردا چوقۇم ئاڭغا يېتىشىشىمىز كېرەك ئىدى. شۇنداق ئېيتىمىزكى، ئاڭ بولمىغان بىلىم ۋە ھەرىكەتنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟

ئۇنداقتا، نېمىنى چۈشىنىپ يېتىشىمىز كېرەك؟

مەشئارىل ھەرەمدە؟

ئالدى بىلەن مەۋجۇدات ئېڭىغا.

بۇ چۈشەنچىگە يېتىش، بار ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش ئارقىلىق بولىدۇ. ئاراپاتتا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەرىپىتىگە ئېرىشىشى كېرەك بولىدۇ. ئەمدىلىكتە، «مەن كىم؟ نېمىشقا مەۋجۇتمەن؟ نەدىن كەلدىم؟ نەگە بارىمەن؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىلىدۇ.

مەۋجۇتلۇق ئېڭى، ئاللاھ چۈشەنچىسىگە ئېلىپ بارىدۇ. ئاللاھ، يەنى تەپەككۇر. ئىنسان «ئاللاھ» دېيىشىنىڭ «چىشىنىش» ئىكەنلىكىنى، ئاللاھسىز بىر ھاياتنىڭ مەناسىز بىر ھايات ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. ئىنسان ھاياتتىغا، دەرد-ئەلەملىرىگە، سۆيۈنۈشلىرىگە مەنە بەرگەن يېگانە زاتنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكىنىدە تەقۋالىق ئۆزلۈكىدىن شەكىللىنىدۇ. تەقۋا، يەنى مەسئۇلىيەت ئېڭىدۇر.

بۇ مەسئۇلىيەت كىمگە نىسبەتەن؟

ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن ئاللاھقا ۋە ئاللاھ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ شەخسىيىتىگە، يېقىنلىرىغا، ئائىلىسىگە، جامائىتىگە، نەرسىلەرگە ۋە تەبىئەتكە قارىتا بولغان مەسئۇلىيەت ئېڭىدۇر.

مانا بۇ چۈشەنچىنىڭ ئاساسىدۇر. بۇ ئاساستىن يۇكسەلگەن ئاڭ، ئارتۇق سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ، ئىچىدىكى ۋە تېشىدىكى ھەر نەرسىنى ئۆزىنىڭكىدەك ئويلاپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆز ئورنىغا چۈشكەنلىكىنى پەرق قىلىدۇ. ئۇلارنى قويۇلغان يېرىدىن يۆتكىۋېتىش ئارقىلىق ھەم ئۆزىگە، ھەم شۇ نەرسىگە زۇلۇم قىلمايدۇ.

يىرىدىن ئىلىۋىتىلگەنلەرنى ئەسلى ئورنىغا ئەكىلىپ قويۇپ (ھىكمەت)، ئەگەر ئۇنىڭ ئالدىدا توسالغۇ بولسا ئۇنى يوقىتىدىغان (جىھاد) ئىبىدۇر.

ئاڭنىڭ غەلىبىسى، مەنىسىزلىكنىڭ يوق قىلىنىشىدۇر. ئاڭسىزلىق ئەھۋالى كۆرۈلسە، پۈتۈنلەي مەنىسىزلىكنىڭ قىممەتكە ئىگە بولۇپ قالغانلىقىدۇر. يەنى مەنىسىزلىكنىڭ نەتىجىگە ئېرىشىپ قالغانلىقىدۇر. مەنىسىزلىككە مەھكۇم بولغانلار، ھېچبىر نەرسىنىڭ ھەقىقىي ئورنىنى، ھەقىقىي قىممىتىنى، ھەقىقىي ھالىتىنى ۋە ھەقىقىتىنى چۈشىنەلمەيدۇ.

پەيغەمبەرلەر ئاڭ ئەلچىلىرىدۇر. مەنىسىزلىككە قارشى ئۇرۇش قىلىپ ھاياتقا مەنە قوشۇشتا ئىنسانلارغا رەھبەر بولغانىدى. كىتابلار ئاڭنىڭ كەلىمىلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىبادەتلەرنىڭ مەقستى ئىنساندا مەلۇم بىر ئاڭنىڭ ئويغىنىشىغا تۆھپە قوشۇشتۇر. قىسقىچە دىن، ئىنسانىيەتكە چۈشەنچە بېغىشلايدىغان ئالاھىدە بىر مۇئەسسەسەدۇر.

قۇرئانى ۋە ئىسلامى چۈشەنچىلەر دائىما ئاڭنىڭ ئۆلچەملىرىدۇر

تەۋھىد – مەۋجۇتلۇق ئىبىدۇر.

زىكىر– ئاللاھ چۈشەنچىسىدۇر.

ئىبادەت– قۇللۇق چۈشەنچىسىدۇر.

ئادالەت – ئاخىرەت چۈشەنچىسىدۇر.

ۋاھدەت (بىرلىك) – ئۈممەت ئىبىدۇر.

ئاراپات – ۋەتەن چۈشەنچىسىدۇر.

مەككە – جۇغراپىيە چۈشەنچىسىدۇر.

مەدىنە – دۆلەت چۈشەنچىسىدۇر.

پاكلىنىش يولىنىڭ ئاراپاتتىن كېيىنكى ئىككىنچى بېكىتى بولغان مەشئىرىل ھەرەمدە شەپەققە يېقىن ۋەقپە قىلغان (يەنى تۇرۇش بۇيرىغىنى) ئورۇنلىغان مۆمىن، بۇ

زامان تاللىشى قۇرئاندىكى: «**سەھەر يېقىن ئەمەسمۇ؟**» (11 ـ سۈرە ھۇد 81 ـ ئايەت) دېگەن ئۇچۇرنى بەرگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن بولىدى. كېچە نەقەدەر قاراڭغۇ ۋە ئۇزۇن بولىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ھەر كېچىنىڭ بىر سەھەرى بولىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىنىڭ تىلغا ئېلىنىشىدۇر. تاغلار نەقەدەر چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يوللارنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئاشىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر. ئۆزى ئۇچۇن ئاراپاتنەك بىر قەلبى پاكلىنىشتىن كېيىن، مەشئار كەبى بىر زېھنىي پاكلىنىشنىڭ ھەقىقىي بىر چۈشەنچىگە ئىگە بولغانلىقىغا بىرىلگەن بېشارەتتۇر. مانا بۇ ھەقىقىي بايرامدۇر.

بايرام: كىشىنىڭ ئىرپانغا ۋە چۈشەنچىگە ئۇچراشقان كۈندۇر. ئۆز ـ ئۆزى بىلەن ۋە رەببى بىلەن تونۇشقان ۋە بىلىشكەن، ھەركىمگە ۋە ھەر نەرسىگە قارىتا مەسئۇلىيەت ئېڭىدا بولغان بىرى ئۇچۇن ئۇرۇش باشلىماي تۇرۇپ غەلىبىگە ئېرىشىش دېمەكتۇر. چۈنكى بۇنداق بىرىنى ھېچبىر شەيتانىي كۈچ يېڭەلمەيدۇ. ئۇ ھازىردىن باشلاپ بۇ غەلىبىسىنى تەبرىكلىسە بولۇۋېرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، مەشئەردە ۋاقفە (تۇرۇش) تۇرغان ئىدى. ئەمما «سەھىھ مۇسلىم» دا تىلغا ئېلىنغان بىر ھەدىستە، مۇزدەلىفەنىڭ ھەر يېرىنىڭ ۋاقفە مەھەللىسى بولغانلىقى ئېيتىلغان.

ئاقابە جەمرەسىگە ئېتىلىدىغان ـ مىنادا تۇنجى جەمرەگە ئېتىلىدىغان 7 تال تاشنى مۇزدەلىفەدىن تېرىۋېلىشىمىز كېرەك. ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى كۈنى ئاتىدىغان شېغىل تاشنىمۇ مۇزدەلىفەدىن تىرىۋېلىپ، يامانلىقلارنى تۆت كۈن سۈر ـ توقاي قىلغۇدەك ئۇرۇشقا يەتكۈدەك قورال ـ ياراغ بىلەن ئالدىنقى سەپكە قايتىشىمىز تېخىمۇ پايدىلىقتۇر.

شەيتاننىڭ ئۆزىدە، بارلىق شەيتانىي ھېس ـ تۇيغۇلارغا، تۈرتكىلەرگە، مايىللىقلارغا، سېغىنىشلارغا، ئىدېئولوگىيىلەرگە، شەخس ۋە ئەتراپىمىزغا سىمۋول

خاراكتېرلىك ئاتماقچى بولغان شېغىل ئوقلارنىڭ چوڭلۇقى نوقۇتتىن چوڭراق بولۇشى كېرەك. سىمۋوللۇق شەيتانغا تاش ئېتىش پائالىيىتىدە، سىمۋولنى ھەقىقەت دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ تاش ئېتىش جەريانىدا ئىنسانلارغا ئەرزىيەت بەرگەن كىشىلەرنى رەسۇلۇللاھ «دىندا ئاشۇرۇۋەتكەن بىرى (ئاشقۇن)» دەپ تەرىپلىگەن.

ئەمدى بايرام ۋە ئۈرۈشنى بىرلىكتە باشتىن كەچۈرۈش ئۈچۈن ئۈچۈن مىناغا يۈرۈش قىلساق بولىدۇ. سەن ئىسلام قوشۇنىنىڭ بىر نەپەر ئەزاسىسەن. ئۆز تۇپراقلىرىڭغا ۋاكالىتەن بۇ يەردىسەن ۋە بۇ مەھشەر يولىنى پەقەت ئۆزۈڭ ئۈچۈنلا ماڭمىدىڭ. يۇرتۇڭ، يېقىنلىرىڭ، دوستلىرىڭ، زېمىنىڭ ۋە ئەزاسى بولغان ئۈممەت ئۈچۈن ماڭدىڭ. دۇئالىرىڭغا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قاتتىڭ.

يۈرىكىڭدە يۈز مىليونلىغان قېرىنداشلىرىڭنىڭ سۆيگۈسى بولغان ھالدا يۈردۈڭ. ئىبراھىمنىڭ يۈرگەن يەرلىرىدىن يۈرۈۋاتىسەن. سەن بىر تامچە ئىدىڭ، ئوكيانلارغا قېتىلدىڭ. ئەمدى، «مەن ئوكيانۇسمەن» دېيىش ھەققىڭ ئىگە بولدۇڭ.

مەرىپەت ۋە ئاڭغا ئىگە بولغان بىرىنىڭ قىلىدىغان تۇنجى ئىشى دوستى ۋە دۈشمىنىنى تونۇماقتۇر. سەنمۇ ئاراپاتتا مەرىپەتكە، مەشئەردە ئاڭغا ئېرىشكىنىڭگە قارىغاندا، بۇندىن كېيىن بۇلارنى تونۇيالايدىغان بولدۇڭ. دۈشمىنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ، دوستۇڭ بىلەن تونۇشىسەن. ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئوق - دورىلىرىڭمۇ تەييار. قىنى تېز بول، ئۇنداقتا سېنىڭ نۆۋىتىڭ كەلدى. مىناغا قاراپ يولغا چىق، مىناغا قاراپ يۈر، شەيەتنىكى ھەرىكىتىڭنى باشلىغىن.

## 13. مىنا

**«ساناقلىق كۈنلەردە (تەشرىق كۈنلىرىدە) ئاللاھ نى ياد ئېتىڭلار (يەنى نامىزىڭلارنىڭ ئاخىرىدا تەكبىر ئېيتىڭلار)، (مىنادىن) ئالدىراپ ئىككى كۈندە قايتقان ئادەمگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، تەخىر قىلىپ ئۈچ كۈندە قايتقان ئادەمگىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. يۇقىرىقى ئەھكاملار تەقۋادارلىق قىلىپ (ھەجنى تولۇق ئادا قىلماقچى بولغان ) ئادەملەر ئۈچۈندۇر. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەر ھېساب ئۈچۈن ئاللاھ نىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر.»** (سۈرە بەقەرە 203 ـ ئايەت)

مەرىپەتنىڭ قارارگاھى بولغان ئاراپات دۆڭلىكىدىن قوپۇپ كەلگەن ئىنسان كەلكۈنى، ئاخىرقى قارارگاھى مەشئارىلھەرەم يولىدا زۇلھەججىنىڭ ئونىنچى كۈنى سەھەردە، يەنى قۇربان ھېيتنىڭ تۇنجى كۈنىدە ئەتىگەندە مىناغا قاراپ ئاقىدۇ.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز، مىنادا بۈگۈنكى «مەسچىتى خايىف» دەپ ئاتىلىدىغان يەردە قونغان ئىدى. بىر زامانلاردا مۇشرىك قەبىلىلەر ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئىلاھى چاقىرىقىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن بۇ يەردە بىر - بىرى بىلەن ئەھدىلەشكەن ئىدى. (ئەزراقى 2ـ 173)

ئەزراقىنىڭ بايان قىلغان بىر رىۋايىتىگە قارىغاندا ھەزرىتى ئىبراھىم، كەئبىنى قوپۇرۇپ بولغاندىن كېيىن جىبرىئىلنىڭ يېتەكچىلىكىدە بۇ رايوندا شەيتانغا 3 قېتىم تاش ئاتقان ئىكەن.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن بۇ سىمۋوللۇق تاش ئېتىش ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ خاتىرىسى ئۈچــۈن داۋاملىشىپ كېلىۋاتماقتــا. شەيتانغا تــاش ئېتىشــنىڭ يەرلىك خەلقلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا تارقالغان باشقا بىر ھېكايىسىمۇ بار.

ھەزرىتى ئىبراھىم كۆرگەن چۈشىنى رىئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىۋاتقان ئوغلىدىن ھەزرىتى ھەجەرنىڭ پەقەتلا خەۋىرى يوق ئىدى. ھەجەر ئانا ئوغلى ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئېرى تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلىۋاتقانلىقىنى قېرى ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان شەيتاننىڭ خەۋەر بېرىشى بىلەن ئۇقتى.

ھەجەر ئانىمىز، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە قارىتا ئەقلىنى ئىشلىتىپ «قانداق بىر دادا ئۆز ئوغلىنى بوغۇزلايدۇ؟» دەپ ئۆزىنىڭ ئىشەنمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شەيتان ئۇنى قايىل قىلىش ئۈچۈن: «ئاللاھ بۇيرۇغان بولسىچۇ؟» دەيدۇ، ھاجەر بۇ قېتىم ئاشقىنى ۋە ئىمانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «ئاللاھ بۇيرۇغان بولسا، سېنىڭ ۋە مېنىڭ ئۈنىڭغا ئارىلىششقا نېمە ھەددىم؟» دەيدۇ ۋە شەيتانىي ۋەسۋەسىگە ئۈچ جەمرە يېرىدە 12 تال تاش ئاتىدۇ.... (قۇرتۇبى 15/150؛ ھازىن ۋە ئالۇسى سەففات 103 نىڭ تەپسىرىدىن)

بۇ يەردىكى يەرلىك خەلقنىڭ تارقالغان ئەپسانىۋى سۈپەتكە ئىگە بولغان ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى قانچىلىك دەرىجىدە خىرە ۋە يوشۇرۇن بولغان تەقدىردىمۇ، ۋەقە سىمۋول قىلغان ھەقىقەت شۇ قەدەر ئوچۇق ۋە روشەن ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، ئىنساننىڭ شەيتىنىغا ۋە شەيتانىي ھەۋەسلىرىگە، شەيتاننىڭ ياردەمچىسى بولغان ئىنسان شەيتانلىرىغا ھەمــدە شەيتانىي تــۈزۈم ۋە ئىدېئولوگىيىلەرگە قارشى ئۆزلۈكسىز جەڭ قىلىش كېرەك ئىكەنلىكىدۇر.

شەيتان كىم ؟

شەيتان، مۇتلەق يالغۇز بىرلا دۈشمەن ئەمەس.

شەيتان، ئىمانىڭ ھاكىمىيتىگە قارشى تۇرغان كۈچتۇر.

شەيتان، ئىنساندىكى ئىجابىي ئۆزگىرىشكە قارشى تۇرۇش ئاچقان ئۆزگىرىش مەركىزىگە تارتىشنىڭ سەلبىي مەركىزىدۇر.

شەيتان، ئىنسانىنىڭ ئازدۇرغۇچى نەپسانىيىتى، تېيىلدۇرغۇچى ئىچكى ھېس-تۇيغۇلىرى، ئۆزگە ئەسىر قىلغۇچى شەھۋىتى ۋە خىرىسىدۇر.

شەيتان، بەزى يەردە ئىنسان، يەنە بەزى يەردە تۈتىم، بەزى يەردە ئازدۇرغۇچى بىر ئىزىم، يەنە بەزى يەردە باتىل بىر ئىدېئولوگىيە، بەزى يەرلەردە بولسا نەمرۇد ۋە فىرئەۋنىنىڭ ھاكىمىيتىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئازغۇن ئىدارىلەردۇر.

يەنى شەيتان، ئىنسان بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىغا كىرىۋېلىپ ئىنساننىڭ ئاللاھقا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلغان ھەممە نەرسىدۇر.

شەيتان - باتىلدۇر. كۈچى يوقتۇر. ھەقىقىتى يوقتۇر. شەيتانىنىڭ ئەڭ بۈيۈك قورالى ۋەسۋەسىدۇر، خەتەرلىكتۇر. شەيتانىنىڭ دەۋەت قىلغان ھەر نەرسىسى ھەقىقەت ئەمەس، بەلكى بىر ئازغۇنلۇقتۇر، بىر خىيالدۇر. شەيتان چۈشىنىكسىز بىر ھاياتقا چاقىرىدۇ. ئۇنىڭ جەننىتىمۇ ۋە جەھەننىمىمۇ چۈشىنىكسىزدۇر، غەۋۋادۇر.. ئۇنىڭ تۈزىقىغا چۈشكەنلەر غۇۋالىققا، باتىلنى ھەقكە، سۆيئىينى تەبىئىي بولغانغا، قاراڭغۇلۇقنى يورۇقلۇققا، خىيالنى ھەقىقەتنىڭ ئورنىغا تاللىغانلاردۇر.

قاراڭ تاش بىلەن ئۇرىدىغان شەيتان نەق ئۆزى بۇدۇر. يەنى يالغان، گۇڭگا بولغان، قاراڭغۇلۇق، سۆيئىي ۋە خىيالى بولغانلاردۇر. شەيتاننىڭ دوستلىرىغا، شەيتاننىڭ پارتىيىسى ۋە ياردەمچىلىرىگە قاراڭ. ئۇلارنىڭ بارلىق غەلبىلىرىنىڭ كۆز باغلاشقا، ساختىپەزلىككە، خىيالغا ۋە ئوخشىتىشقا تايانغانلىقىنى كۆرۈۋالالايسىز.

ئاراپاتتا يۈرىكىنى، مۇزدەلىفەدە ئەقلىنى تېپىۋالغان ئادەمسەن. ئەمدى ھەم ئەقلىڭ ھەمدە ئاشىقلىقىڭ بار. سەن جەننەتتىكىدىن جۇدا قىلغان ۋە جۇدا قىلماقچى بولغان

كوچىلەرگە قارشى ئىزچىل ۋە ئۇرۇش توختىتىش ئېھتىمالى بولمىغان بىر ئۇرۇشنى باشلىشىڭ كېرەكتۇر.

مەشئاردىن (مۇزدەلىفە) گە قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ ياردىمىدە قايتقان ئىدىڭ. قۇرال - ياراقلىرىڭ تولۇق. جەڭگە تەييار - سەن. ئالدى بىلەن يەتتە تاش بىلەن يەتتە قول تاش ئاتىسىز. ئەلۋەتتە ئەڭ چوڭىغا: ئادەتتىن تاشقىرى، چوڭ شەيتانغا ئاتىسەن.....

نېمىشقا يەتتە تال؟

چۈنكى «يەتتە» رەقىمىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى ئىپادە مەنىسى «كۆپ خىللىق» ۋە «سانى يوق مىقدار» دېگەنلىكتۇر. سەن ئۇنى «چەكسىز» دېگەن مەنىدە چۈشىنىۋال. جەڭنىڭ ئاخىرى يوق توگىمەس جەڭ ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىقىڭ كېرەك. شەيتان بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۈچۈن يۇملاق ئۈستەلگە كەلگەنلىك ئۇرۇشنىڭ بېشىدىلا تەسلىم بولغانلىقتۇر.

تاش ئوقلىرىڭنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ شوئارىنى ئېيتىپ تۇرۇپ ئاتىسەن: «بىسمىللاھى ئاللاھۇ ئەكبەر، لىششەيتانى ۋە ھىزبىھى: شەيتان ۋە پارتىيىسى قارشىسىدا ئەڭ بۈيۈك بولغان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن...»

قۇرئاندا مۇجادىلە سۈرىسىنىڭ 12 ـ 22 ـ ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان ئىككى ئۇقۇم بىر ـ بىرىنىڭ زىتى ھالىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

«ھىزبۇللاھ: ئاللاھ تەرەپدارلىرى (ئاللاھ پارتىسى)»

« ھىزبۇششەيتان: شەيتان تەرەپدارلىرى (شەيتان پارتىيىسى)»

سەن شەيتانغا تاش ئېتىش بىلەن ئۆزۈڭنىڭ كىم تەرەپتە تۇرغانلىقىڭنى بىلدۈرگەن بولىسەن. ھەق ـ باتىل كۆرۈشىدە تەرىپى يوق ئەمەسلىكىڭنى ئۇتتۇرىغا قويىسەن. شۇنى بىلىسەنكى، تەرەپسىز بولغانلار بىتەرەپ بولىدۇ (توگىشىدۇ). ھەر تەرەپ

بولغانلارنىڭ نىمە بولغانلىقىغا سەن ئۆزۈڭ بىرنەرسە دەپ باق....

سىمۋوللۇق ھالدا سەن تاش بىلەن ئاتقان شەيتان بەلكى بەزىدە بىر كولا قۇتىسى سىياقىدا كېلىپ مەيدەڭگە ۋە يۈرىكىڭگە چىڭ ئولتۇرۇشى مۇمكىن. بەزى چاغلاردا سېنى رادارى بىلەن بەسىر (كۆرىدىغان)، ئاخباراتلىرى بىلەن سەمى (ئاڭلايدىغان)، يادرو قوراللىرى بىلەن قاھھار (ھەممە ئىشنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچى)، دىپلوماتىيىسى بىلەن جەببار(غەزەپ قىلغۇچى)، بەدەلسىز ياردەملىرى بىلەن راززاق (رىزىق بەرگۈچى) بولغان ساختا «تەڭرى» ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈشنى خالاپ قىلىشى مۇمكىن. يەنە بەزىدە «ئادەتتىن تاشقىرى كۈچ» ئەپسانىسى بىلەن ساڭا ئەپسۇن ئوقۇشى مۇمكىن. ھەتتا، ئادەتتىن تاشقىرى شەيتانلارنىڭ قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان بىر كۈچ ئىكەنلىكىدە ۋەھىمىگە مۇپتىلا قىلىشى مۇمكىن.

مۇشۇنداق ئەھۋاللاردا جار سالىدىغان يېگانە شوئارىڭ، بۇ ئىلاھى شوئارلاردۇر.....

«بىسمىللاھى ئاللاھۇ ئەكبەر!»

شۇنداق، ئاللاھ ئەڭ كاتتىدۇر. بۇنى ئىشىنىپ تۇرۇپ دېگەن بولساڭ، سېنى ھېچكىم «قورۇقىغا قۇل» قىلالمايدۇ.

يەنە بىر، يەنە بىر قېتىم ئېيتقىن.

شەيتانغا تاش ئات. شەيتانلىرىڭغا...

چوڭىنى، ئوتتۇرانچىسىنى، كىچىكىنى.

كونكرېت ياكى ئابستراكتىنى.

كېيەنلىككىدىن باشقا يېتتۇرۇپ قويۇشتىن قورقىدىغان ھېچقانداق نىمەڭ يوق. ئەمما، قولغا كەلتۈرىدىغان شۇنداق كۆپ نەرسەڭ بار: ئاللاھ ۋە جەننەتكە ئېرىشسەن، بۇ ساڭا يەتمەسمۇ؟

ئىبراھىم بولۇپ قۇربانلىقىڭنى قىلغاندىن كېيىن ۋە ئىھرامدا چەكلەنگەنلەرنىڭ -

جىنسى مۇناسىۋەتتىن باشقا ـ ىبكار قىلىنغانلىقنى سىمۋول قىلىدىغان تاقىسر ئىشنى قىلغاندىن كېيىن مىنادا جەڭنى ئىككىنچى كۈنىمۇ داۋام قىلىشلىق لازىم. دۈشمىنىڭنىڭ يېڭىلىدىغانلىقىغا چوقۇم ئىشەنگەن بولۇشۇڭ كېرەك.

تاش ئاتىسەن: ئالدى بىلەن كىچىك، ئاندىن ئوتتۇراھال، ئاخىردا چوڭ شەيتانغا قارىتىپ ھەر بىرىگە 7 داندىن بولۇپ، جەمئىي 21 دانە تاش ئاتىسەن: ئەينى ۋاقىتتا ئىسمائىلنى ئاللاھ ئۈچۈن قۇربان قىلغان ئىبراھىمنىڭ ئىبرىشكەن ئوقلىرى بىلەن سىنىڭ دەۋرىڭگىچە كەلگەن بۇ بايرامنى تەبرىكلەش ئۈچۈنمۇ بۇ تاشلار ئارقىلىق شەيتانلارغا ئوق ئۈزىسەن.

جىھادنى داۋاملاشتۇرۇشنى خالىساڭ ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋام قىلغان ئىدى ـ 3 ـ ۋە 4 ـ كۈنىدە مىنادا ئالدىنقى سەپنى ساقلىشىڭ كېرەك. بۇ كۈنلەردە يەنى بايرامنىڭ 3 ـ ۋە 4 ـ كۈنلىرىمۇ ئالدىنقى سەپنى بۇ ئوقلار بىلەن مۇھاپىزەت قىلىشىڭ كېرەك. ھەم بۇ تاشلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا دۈشمەن بولغان شەيتاننىڭ باغرىغا قارىتىپ ئېتىشىڭ كېرەك.

نىشانلاپ تەگكۈزگەن يەرنىڭ ئورنىغا قارىتىپ تۇرۇپ يەنە ئېتىشىڭ كېرەك. ئەگەر يېنىڭدا مۇزدەلىفەدىن ئېلىپ كەلگەن ئوق ـ دوراڭ كەلتۈرمىگەن بولمىسا پەقەت بىر شەرت بىلەن يەنى ئىشلىتىلگەن «ئوق» نى تەرمەسلىك شەرتى بىلەن يىغىسنى مىنادا تېرىۋالساڭمۇ بولىدۇ. بايرامنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن تاكى 3 ـ كۈنىگىچە جەمئىي 63 دانە ئوق ئاتىسەن. ئەگەر ھەجنى تېخىمۇ مۇكەممەل ئادا قىلىش ئۈچۈن 4 ـ كۈنىگىچە قالساڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى چوڭ شەيتانغا 7 تال ئاتىسەن. ئاندىن قايتىسەن. بۇنىڭ بىلەن جەمئىي ئاتقان تېشىڭ 70 تال بولىدۇ.

## 14.قۇربانلىق

«پەرۋەردىگارىم! ماڭا ياخشى بىر پەرزەنت ئاتا قىلغىن! بىز ئىبراھىمغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق. ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىشلىرىغا يارىغىدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم: «ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن. ( پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن بولىدۇ. )ئويلاپ باققىنا سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟« دېدى. ئۇ ئېيتتى: «ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ شۇنى ئىجرا قىلغىن. خۇدا خالىسا (ئۇنىڭغا) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن» ئىككىسى (ئاللانىڭ ئەمرىگە) بويسۇندى. ئىبراھىم ئۇنى(يەنى ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن) يېنى ياتقۇزدى. بىز ئۇنىڭغا «ئى ئىبراھىم! (ھېلىقى) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ. (يەنى چۈشۈڭدە) بۇيرۇلغاننى بەجا كەلتۈردۈڭ) دەپ نىدا قىلدۇق. بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. بۇ ھەقىقەتەن روشەن سىناقتۇر. بىز ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ قۇربانلىقنى (يەنى جەننەتتىن چىققان قوچقارنى) بەردۇق. كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭغا ياخشى نام قالدۇردۇق. ئىبراھىمغا سالام بولسۇن!» (سۈرە سافقات 101 ـ 109 ـ ئايەتكىچە)

ئاللاھتىن، پەرىشتىلەردىن ۋە دۇنيانىڭ ئاخىرقى كۈنىگىچە كېلىدىغان بارلىق

مۆئمىنلەردىن سالام بولسۇن.

چۈنكى ئۇ ئىنسانىيەتكە، ئاللانىڭ ئىرادىسىگە ھېچقانداق شەرتسىز تەسلىم بولۇشنى ئۆگەتتى. ئۇ ئىنسانىيەتكە ئاشىقنى ئۆگەتتى. ئىشقىنىڭ كۆيدۈرمەيدىغانلىقى، ئاشىقنىڭ ئوتتا يانمايدىغانلىقىنى ئۆگەتتى.

ئاللاھنى رازى قىلغان ئىبراھىمنىڭ مەرتىۋىسىنى ئاللاھ يۇقىرى كۆتۈردى. ئۇنى دۇنيادا ئۇنتۇلۇپ كەتمەسلىك بىلەن مۇكاپاتلىدى.

ئۇ ئىنسانىيەتكە بېغىشلاشنىڭ نېمىلىكىنى، ئەڭ قىممەتلىك بارلىقنى ئەڭ ئۇلۇغ بولغانغا ئاتاشنى ئۆگەتتى. بۇ بىر رېئىسسورلۇق، بىر تىياتىر سەھنىسى ئەمەس ئىدى. ئۇ، يىللارچە تارتقان پەرزەنت ھەسرىتىدىن كېيىن ئىگە بولغان جىگەر پارىسىنى قۇربان قىلغىنىدا يا بىر چاقچاق يا بىر كۆز بويامچىلىق قىلىپ سالمىدى. «بالام كېتىدىغان بولدى!» دەپ نىدا قىلدى، ئەمما ئاللاھ ئۇنى سىنىغان ئىدى. ئىمتىھاندىن ئۆتتى. بۇ سىناق ئىبراھىم ئۈچۈن ئوتقا چۈشۈشتىنمۇ قىيىن بىر سىناق ئىدى. ئۇ بۇ سىناقتىنمۇ نۇقسانسىز ئۆتتى، تەسلىمىيىتىنى تېخىمۇ چىڭىتقانىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ رولى:

**«(كەئبىگە ئېلىپ بېرىلىدىغان) تۆگىنى ئاللانىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدىن (يەنى ھەجنىڭ ئەھكاملىرىدىن) قىلدۇق، ئۇلاردا سىلەرگە نۇرغۇن پايدا بار، ئۇلارنى قاتار قىلىپ تۇرغۇزۇپ، (يەنى ئۇلارنىڭ ئالدى سول پۇتىنى باغلاپ، ئۈچ پۇت بىلەن تۇرغۇزۇپ بوغۇزلىغىنىڭلاردا) ئاللانىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىڭلار (يەنى بىسمىللا دەڭلار)، ئۇلار بوغۇزلىنىپ جېنى چىققاندا، ئۇلارنى يەڭلار، قانائەتچان موھتاجلارغا ۋە سائىللارغا بېرىڭلار، سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ ئۇ تۆگىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. (ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى ئاللاھقا يېتىپ بارمايدۇ، ئاللاھقا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر. ، ئاللانىڭ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەھكاملىرىغا يېتەكلىگەنلىكىنى**

**ئۇلۇغلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرگە ئاشۇنداق بويسۇندۇرۇپ بەردى . ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا (ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن) خۇشخەۋەر بەرگىن.»**
( سۈرە ھەج 36، 37ـ ئايەتلەر)

قۇربان «تەقەررۇب» دىن تۈرلىنىپ چىققان. يەنى «يېقىنلاشماق»، «يېقىن بولماق». ئەرەب تىلىدا فۇلان ۋەزنىدە كەلگەن بارلىق كەلىملەر، ئائىت بولغان مەناغا ئېغىزنىغچە تولۇپ تاشقان دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇ ھالدا قۇربان «ئىنساننىڭ جېنىنىڭ بارىچە ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئىرادىسىنىڭ بىر ئىپادىلىنىشىدۇر».

قۇربان، ھايۋاننىڭ ئىنسانغا بەرگەن ئەڭ ئېسىل دەرسىدۇر. چۈنكى ئىنسان ، مۇتلەق ئۆزىگە بېغىشلىنىش ئۈچۈن بىر ئىشك ئىزدەيدۇ. ئۆزىنى ئاتاشقا لايىق يېگانە ئىشك ئاللانىڭ بوسۇغىسىدۇر. باشقا بىر ئىشىككە ئاتالغان، تۈگەشكەن بولىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ تەسلىمىيىتىنى ئۆز پايدىسىغا قوللانمىغان يېگانە نوپۇز ساھىبى ئاللاھتۇر.

ئەنە شۇ ھەقىقەتكى، ئاللاھ بەندىسىنىڭ قىلغان قۇلچىلىقىدىن ھەرقانداق بىر پايدا كۈتمەيدۇ. ئەكسىچە قۇلچىلىق قىلىشتىن مەنپەئەتكە ئېرىشىدىغان بىرلا تەرەپ ئىنساندۇر ۋە بۇمۇ ئاللانىڭ ئىنسانغا بولغان سۆيگۈ، شەپقەت ۋە مەرھەمىتىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر.

قۇربان ئەشيانى ئۆز ئورنىغا قويۇشتۇر. ھايۋاننى ھايۋان ئورنىغا قويمىغان ئىنساننى ئىنسان يېرىگە قويماس. ھايۋانلارنى تەڭرى دەپ قورقۇپ يۈرگەن قەدىمكى دىن سىستېمىسى، ئىنسانلارنىڭ ھايۋانغا قۇربان قىلىنغانلىقىدەك تەتۈر بىر ئادەت شەكىللەندۈرگەن ئىدى. بۇ، مەخلۇقاتنىڭ دەرىجە تەرتىپىنى بۇزۇشتۇر.

«جان» ئىگىسى ھايۋانلار دۇنياسى، «روھ» ساھىبى ئىنسانلار دۇنياسىدىن تۆۋەن كاتېگورىيەگە ئائىتتۇر. شۇڭلاشقا ھايۋانلار ئىنسانلارنىڭ خىزمىتىگە «تەيىن»

قىلىنغاندۇر. بۇ ئىلاھىي قانۇن، بويسۇندۇرۇش سىرىدۇر. بۇنىڭغا ئېتىراز، مەۋجۇتلۇق كاتېگورىيەسىنىڭ ئىلاھىي ئىرادە بىلەن تۈرغۇزۇلغان مەخلۇقاتنىڭ دەرىجە تەرتىپىگە قىلىنغان ئېتىرازدۇر.

ھەقىقەتەن بۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. مەدەنلەر، ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانلار ۋە ئىنسانلاردىن تەركىب تاپقان تۆت ماددىي مەۋجۇتلۇق كاتېگورىيىسى ئارىسىدىكى دەرىجە تەرتىپى مۇناسىۋىتى ھەرقانداق بىر نۇقتىدىن كەينىگە قايتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۆسۈملۈكلەر مەدەنلەردىن، ھايۋانلار ئۆسۈملۈكلەردىن، ئىنسانلار ھەر ئۈچىدىن پايدىلىنىدۇ.

پەقەت مەدەن قۇربان قىلىنماس. ئۆسۈملۈك قۇربان قىلىنماس. ئۇلارنىڭ «قۇربان» بولۇشى، خەيرلىك ھالدا ئىشلىتىلىشىدۇر. يەنى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن، بىرىگە ئالتۇن، كۈمۈش ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلىدىغان قىممىتى ئوخشاش دەرىجىدىكى ھەرقانداق «پۇل» ياكى ئوزۇقلۇق قىممىتىگە ئىگە ھەرقانداق بەدەلسىز ياردەم قاتارىدا بېرىلىشى مۇمكىن. بۇ مەجبۇرىي ياكى ئىختىيارىي بولۇش ھۆكۈمى بىلەن «زاكات» ۋە «ئۆشرە»، «سەدىقە» ۋە يا «ئىنفاق» دەپ ئاتىلىدۇ.

پەقەتلا ھايۋانلار ئاللاھ يولىدا قۇربان قىلىنىدۇ. قۇرئانغا ئاساسەن ئاللاھتىن باشقىسىغا ئاتاپ قۇربان قىلىنغان بىر ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىش ھارام قىلىنغاندۇر. ( 2-سۈرە 173- ئايەت؛ 5-سۈرە 3-ئايەت؛6-سۈرە 143-ئايەت؛16-سۈرە 115- ئايەتلەرگە قارالسۇن)

ھايۋانلارنىڭ جېنىغا ئاللاھتىن باشقىغا ئۆلتۈرمەسلىك پرىنسىپى، ھايۋان بولغان تەقدىردىمۇ، جانلىقنىڭ ئېلىپ يۈرگەن «جانى» غا ھۆرمەتتۇر. ئاللاھ بەرگەن ئۇ جاننى ئېلىش (گەرچە ھايۋان بولغان تەقدىردىمۇ) پەقەت ئاللاھ نامىدا بولۇشى كېرەك

.

بۇ ھەم ئۆلتۈرۈلگەن قۇرباننىڭ ماددىي جەھەتتىن قانۇنلۇق بولۇشى، ھەمدە

مەنىۋى جەھەتتىنمۇ قــانۇنلۇق بولۇشىنىڭ شەرتى ئــدى. بـــر نەرسىنىڭ «ئـــاللاھ ئۈچۈن» قىلىنىشى ئەمىر قىلىنغان بولسا، ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان مۆئمىنىنىڭ ئەس- ئېسيادى شۇ توغرۇلۇق بولۇشى كېرەك. بۇ ماۋزۇغا كىرگەنـدە تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەر ئىچىدە ئۆتكەن **«الله قا ئۇلارنىـڭ گۆشلىرى ۋە قـانلىرى يېـتىپ بارمايـدۇ، الله قـا يېتىـــدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر،»** (ســـۈرە ھەج 37-ئايەت) دېگەن ئايەتلەر ھايۋاننىـڭ «ئـاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامىغا قۇربـانلىق قىلىنماسـلىق» شەرتى بىلەن بىرلىكتە چۈشىنىلگەندە، ھەقىقىي مەنىسىنى تاپقان بولىدۇ.

بـــۇ مەنە «ئـــاك» دۇر. ھەقىقەتەن تەقۋالىقمۇ، «ئىنســـاننىڭ ئاللاھقــا قارىتـــا مەسئۇلىيەت ئېڭى» ئەمەسمىدى؟

ئاك، يەنى «ئـاڭقىرىش» ئىشىنىڭ سىرىدۇر. ئاڭسىزلىق قانـداقتۇر ھەج ئىبادىتىنى جاپالىق بىـر سـاياھەت ھالىتىگە ئايلانـدۇرۇپ قويغـان بولسا، قۇربـانلىق ئىبـادىتىنىمۇ ھـايۋان بوغۇزلاشـتەك تـۆۋەن ئورۇنغا چۈشـۈرۈپ قويىـدۇ. ئىنسـاننى ئاللاھقا دوست ۋە يېقىـن قىلغـان گـۆش ۋە قـان ئەمەسـتۇر. ئۇنىڭغـا قارىتـا پەيـدا ھېـس قىلىۋاتقـان مەسئۇلىيەت ئېڭىمىزدۇر. قۇربان بۇ ئېڭىمىزنى قانچىلىـك يـۇقىرى كۆتۈرگەن بولسا شـۇ دەرىجىدە قۇرباندۇر. چۈنكى بۇ ئـاڭ يۇقىرىلىغانسىرى ئىنسـاننىڭ ئـاللاھنى تونـۇش ۋە چۈشىنىش دەرىجىسىمۇ شـــۇنچە يۇقىرىغـــا كۆتۈرۈلـــىدۇ. ئـــاللاھنى تونۇغـــان ۋە چۈشەنگەنسىرى، ئۇنىڭ ئۆزىگە يېقىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىـدۇ. شـۇنچىلىككى، «بويۇن تومۇرىدىنمۇ يېقىن» ...

ئەســـلى، قۇربــان «قۇربىيىيەت»، يەنە «يېقىنلاشـــتۇرۇش» رولىنـــى مۇشـــۇنداق ئىپادىلەيدۇ. قۇربان، ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىـن بولـۇش ئۈچـۈن پىـدا قىلىشـتۇر. قۇربـان ئەقىل بىلەن ئەمەس، ئاشىق بىلەن ئىزاھ ئېتىلىدۇ. ئەقىل تەدبىر ئويلىغىنىـــدا، ئاشىق قىلىشقا تېگىشـلىك ئىشـنى قىلـدۇ. قۇربانىنـڭ قىممىتىنى، كىمگە قۇربـانلىق قىلغان

بولساڭ شۇنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ. ئاللانىڭ نامىغا قۇربان بولغانلار ئۇ چوڭ تاشقىرىقى ھويلا ئىشىكىگە قىممەت يوكلەش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزلىرى ئۇ ئىشىكنىڭ قىممىتىدىن پاي ئېلىش ئۈچۈن قۇربان بۆلىشىدۇ. چۈنكى قۇربان بولۇش، جىنى بولغان ھەر مەۋجۇداتنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىرىدۇر. شۇنداقتىمۇ، نۇرغۇنلىرى قىممەتسىز، چاكىنا ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىدۇ. ئۆز قولى بىلەن ئۆز قەدر-قىممىتىنى يوق قىلىدۇ. پۇلغا، ئايالغا، ئەرگە، مەرتىۋىگە، مەنسەپكە، دۇنيالىققا، سەلتەنەتكە، شۆھرەتكە، قۇربان بولغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي دېگۈلۈك!.

بۇنداقلار تارىختا ئۆتكەن تۆت مىڭ يىلدىن بېرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ خاتىرىسىنى يۈز مىليونلىغان ئەر ۋە ئايالنىڭ كاللىسى ۋە قەلبىدە تىرىك تۇتقان نەرسە زادى نېمە؟ ئۇنى بىر ئويلاپ بېقىشسۇن. قۇربانىنىڭ ساڭا بەرگەن ئېسىل دەرسىنى ئېلىشىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن شەيتانغا قارشى تۇرۇشۇڭ كېرەك. چۈنكى، ئۇ بېغىشلىشىڭ ۋە بېغىشلىنىشىڭغا توسقۇنلۇق قىلىپ سېنى بىكارغا چىقىرىش ئۈچۈن بار ئامالىنى قىلىپ ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ. ئەقلىڭگە كىرىپ، ئاشقىڭغا ئىھانەت قىلىشىڭ ئۈچۈن غەيرەت قىلىدۇ.

ھەم شەيتانغا قارشى جەڭنى داۋاملاشتۇرۇشۇڭ، ھەمدە ئەسلىڭگە سادىق بولۇشۇڭ كېرەكتۇر. ئۇنۇتمىغىنكى ئۆزرىلىك ۋە نوقسانى بار قوچقارلار قۇربان قىلىشقا يارىمايدۇ. قۇسۇرسىز زاتقا قۇسۇرسىز قۇربانلىق يارىشىدۇ.

ۋە قۇسۇرسىز زاتقا قۇسۇرسىز ئىمان يارىشىدۇ. ئىماندا نوقسىنى بارلار، ئاللاھقا ئاتىنالمايدۇ. ئىماننىڭ ئەزالىرى بەلكى كەم بولۇشى مۇمكىن. قولى ۋە پۇتى يوق ئىمان، تىلى ۋە ئېغىزى يوق ئىمان، كۆزسىز قۇلاقسىز ئىمان بولۇشى مۇمكىن. بۇ مەنىۋى مېيىپلىك ھالىتىدۇر. ھەقىقىي مېيىپلەر بولاردۇر؛ قولىقى ئاڭلىمايدىغان، كۆزى كۆرمەيدىغان، قولىقى ئاڭلىمايدىغان، چۈشىنىش ئىقتىدارى تۆۋەن....ئىمانى چولاق

بىرى، تۇتقىنىنى ئىمانى بىلەن تۇتالماس. ئىمانى كۆر بولغان كىشى - كۆرگىنىنى ئىمانى بىلەن كۆرەلمەس. ئىمانى گاس بولغان بىرى، ئاڭلىغانلىرىنى ئىمانى بىلەن ئاڭلىيالماس.

بۇ ھال ئۇنىڭدا پۈتۈنلەي مەنىۋى گاسلىق، مەنىۋى گاچىلىق، مەنىۋى كورلۇققا يول ئاچىدۇ: **«ئۇلار گاستۇر (يەنى گاس ئاڭلىمىغاندەك، ياخشىلىقنى ئاڭلىمايدۇ)، ئۇلار گاچىدۇر (يەنى گاچا سۆزلىيەلمىگەندەك، ياخشى ئىشنى سۆزلىيەلمەيدۇ)، كوردۇر (يەنى كور بولۇپ قالغاندەك، توغرا يولنى كۆرەلمەيدۇ).»** (سۈرە بەقەرە 18. ئايەت)

بۇنى بىلىش ئۈچۈن، ئەزالارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى بىلىشىڭ كېرەك.

قول - پۇت، كۆز - قۇلاق، ئىغىز ۋە تىل مۇسۇلمان بولىدۇ.

**«ئى مۆئمىنلەر! ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار (يەنى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇڭلار، بەزى ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ، بەزى ئەھكاملىرىنى تەرك ئەتمەڭلار)، شەيتاننىڭ يوللىرىغا (ۋە ئىغۋاسىغا) ئەگەشمەڭلار. شەيتان سىلەرگە ھەققەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر»** (سۈرە بەقەرە 20- ئايەت)

ئىسلامغا پۈتۈنلەي كىرمىگەنلەر، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرمىگەنلەر، شەيتاننىڭ ئىزىنى بېسىپ ماڭىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىمانىنى كۆزلىرىگە نۇر، تىزلىرىغا دەرمان، بىلەكلىرىگە كۈچ، تىللىرىغا پەرمان قىلىپ ئىپادىلىمىدى. ئىمانىنى رەھبەر قىلمىغانلارغا، شەيتانىنى رەھبەر قىلىشتىن باشقا يول قالمايدۇ.

بىرئاز ئويلانسىڭىز چۈشىنىسىزكى، ئىمانىدا نۇقسان بارلار ئاللاھقا قۇربان بولالمايدۇ. ئىمانلىرىغا بارماقلىرىنى شاھىت قىلالمايدۇ، پۇتلىرىنى شاھىت تۇتالمايدۇ. ئىمانىغا ئورگانلىرىنى شاھىت قىلالمىغانلار، جانلىرىنى پەقەت شاھىت قىلالمايدۇ.

**«شۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ئىغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللىرى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ (يەنى ھەر ئەزا ئۇنىڭدىن سادىر بولغان**

**ئىشنى سۆزلەپ بېرىدۇ).»** (سۈرە ياسىن 35-ئايەت)

ئەزالار شاھىتلىق قىلىدۇ. نېمىلەرگە قانداق شاھىتلىق قىلىدۇ؟

بۇيرۇقلارنى كىمدىن ۋە قانداق ئالغان بولسا شۇنىڭغا شاھىتلىق قىلىدۇ. يەنى «تۇت» بۇيرۇقنى ئىماندىن ئالغان بىر قول، ئىماننىڭ گۇۋاھچىسىدۇر. «كۆرگىن» ئەمرىنى ئىماندىن ئالغان كۆز، ئىماننىڭ گۇۋاھچىسىدۇر. «يۈر» ئەمرىنى ئىماندىن ئالغان پۇتىمىز، ئىماننىڭ شاھىدىدۇر.

قۇربانلىقنى قىلغاندىن كېيىن ئېھرام چەكلىمىلىرىنىڭ بىر قىسمى بىكار قىلىنىدۇ ۋە سەن بىر تەرەپتىن شەيتانغا قارشى جەڭنى داۋام قىلغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن سەن ئويناۋاتقان رولنىڭ قىلىپ قالغان قىسمىنى، ئەمما ئەڭ مۇھىم قىسمىنى رول ئالىسەن.

چەكلىمىلەرنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنىڭ سىمۋوللۇق ئىپادىسى بەدەننىڭ تەگكىلى بولمايدىغان قىسىملىرىغا شەكىل جەھەتتىن بىر ئارىلىشىش بولىدۇ. ئايەتتىكى **«ئاندىن ئۇلار كىرلىرىنى تازىلىسۇن (يەنى ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن چاچلىرىنى، تىرناقلىرىنى ئالسۇن).»** (سۈرە ھەج 29. ئايەت)

بۇ يەردە بۇيرۇق شەكلى قوللىنىلىسمۇ، لەۆزى جەھەتتىن بىر ئەمر ئەمەس، بەلكى ئېھرامدىكى چەكلىمىلەرنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىغا بېرىلگەن بىر رۇخسەت دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ. ئىككىنچى ئايەتتىكى

**«شىكار قىلساڭلار بولىدۇ»** (5-سۈرە مائىدە 2- ئايەت)

دەپ چۈشىنىلگىنىدەك، بىرىنچى ئايەتنى **«پاكىزلانسىڭىز بولىدۇ»** دەپ چۈشىنىشىمىز كېرەكتۇر. ئېھرامدىن چىقىش ئۈچۈن چاچنى ئالدۇرۇش، گويا نامازدىن چىقىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپكە سالام بەرگەنگە ئوخشايدۇ. ھازىردىن باشلاپ، خىلى كۆپ ھەققىي تونۇش بىلىمگە ۋە ئاڭغا ئېرىشكەن مۆئمىنسەن. ئاللاھقا ئەھدىنامەڭنى يېڭىلاش ئۈچۈن، شەيتانغا جەڭ ئېلان قىلىپ، قۇربانلىق بىلەن ئاللاھقا بولغان بويۇن

ئىگىسىــڭنى دەلىللىگەن بىــر مــۆمىن بولــۇپ ئاللانىــڭ ئۆيىگە، «ئەركىنلىك ئۆيىگە» كىرسەڭ بولىدۇ

## 15. تاۋاپ

تاۋاپ ـ ئاشىقنىڭ ھەرىكەتلىك ھالىدۇر.

تاۋاپ ـ مەۋجۇداتنىڭ ئىلاھىي خورىغا ئىنسانىنىڭ جور بولۇشىدۇر.

تاۋاپ ـ ئالەمى ھەرىكەتنىڭ بىر دەۋر خاراكتېرلىك تەقلىدىدۇر.

تاۋاپ ـ قۇللۇقى قوبۇل قىلىنغان ئىنسانىنىڭ جەننەتتە كۆرسىتىدىغان خۇشاللىق ۋە ھۇزۇر ھالىنىڭ سىمۋوللۇق بىر ئىپادىسىدۇر.

دۇنيادا مەۋجۇت بولغان ھەربىر نەرسىنىڭ يادروسىدا ھەرىكەتلىنىش بار ئىكەنلىكىنىڭ تاۋاپتىنمۇ بەكرەك گۈزەل ئىپادىسى يوقتۇر. ئاتوم ئالتە زەررىچىدىن ئاتومغا، ئاتومدىن پلانېتلارغا، پلانېتلاردىن يۇلتۇزلارغا، يۇلتۇزلاردىن سامان يولى سىستېمىسىغا، سامان يولى سىستېمىسىدىن سامان يولى سىستېمىسى ئائىلىسىگە، يىغىپ ئېيتقاندا، مىكرودىن ماكروغا ھەربىر نەرسە تاۋاپ ھالىتىدۇر.

ئېلېكترون ئاتوم يادروسىنى تاۋاپ قىلىدۇ. شۇنداق تاۋاپ قىلىدۇكى ھېچ تۇتۇلۇپ قالمايدۇ. قان يۈرەك مەركەزلىك ئىنسان بەدىنىنى تاۋاپ قىلىدۇ. ئەگەر قان بۇ تاۋاپنى بىر مەزگىل توختاتسا، ئىنسانىنىڭ بۇ دۇنيادىكى مېھماندارچىلىقى ئاخىرلىشىدۇ. يەنى قانىنىڭ تاۋاپنى توختىتىشىنىڭ يەنە بىر ئىسمى ئۆلۈمدۇر. ئاي يەرشارىنى تاۋاپ قىلىدۇ. يەرشارى قۇياشنى تاۋاپ قىلىدۇ. قۇياش قۇياش سىستېمىسى بىلەن بىرلىكتە تەۋە بولغان سامان يولىنىڭ مەركىزىنى تاۋاپ قىلىدۇ. سامان يولى سىستېمىسى بىر

بىلمەيدىغان بىر مەركەزنى (ئۆزىنىڭ كەئبىسىنى) تاۋاپ قىلىدۇ. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، زەررىدىن كۈررىگە قەدەر ھەر نەرسە تاۋاپ ئىچىدىدۇر. ئەگەر ئالەمى تاۋاپ بىر ئاز ۋاقىت توختاپ قالسا، ئالەم گوياكى قەلبى سوقۇشتىن توختىغان بەدەندەك ئۆز ئۆزىگە يېپىلىدۇ، ئۆلۈپ كېتىدۇ.

قىيامەت ـ ئالەمى تاۋاپنىڭ توختىشى دېمەكتۇر

بۇ بىز بىلىدىغان دۇنيالار. ئەگەر بىلمەيدىغانلىرىمىزچۇ؟ ئىدراكىمىزنىڭ چۈشىنىشكە ئاجىز قالغان باشقىچە دۇنيالارنىڭ تاۋاپىچۇ؟ ياكى مەنە ئالىمىنىڭ باش قايدۇرىدىغان دۇنياسىچۇ؟ ياكى مېتافىزىك ئالەملەرنىڭ، ئەقلىنىڭ پىيادە قالغان، زامان ۋە ماكان ھەرىكەتلىرىچۇ؟ ياكى ئالەمى پەرىشتىلىرىنىڭ، كۆرۈنمەيدىغان مەۋجۇداتلار ئالىمىنىڭ مېتافىزىك تاۋاپىچۇ؟

ئەمدى مۇشۇ يەردە بىرئاز توختىتۇېلىپ، ئالەمى خورغا قېتىلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان تاۋاپنىڭ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان دۇنيانى ۋە «أُمَّ الْقُرَىٰ (شەھەرلەرنىڭ ئانىسى)» (6ـ سۈرە مائىدە 92ـ ئايەت) مەككىنىڭ ئىچىدە يەر ئالغان رايونىنى، جۇغراپىيىسىدە ۋە تارىخي مەقسەتتە بىرئاز بولسىمۇ مەككە توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزۈپ تەھلىل قىلىپ قويۇق.

## 16.يەرشارى (دۇنيا)

ئەڭ ناچار ئىكرامدۇر سائادەت
بارچە زامانلارنىڭ قۇتلۇق سەيياھى
بارچە يۇلتۇزلار توپ-توپ قونغىلى كەلگەنلىكىگنى
تاقاشتىلار پۈتۈن زىننەتلىرىنى
تىزىلىشتى ئالدىغا سەپ - سەپ بولۇپ
پۈتلىرىنى باشلىرىغا ئەتمەك ئۈچۈن تاج
يېشىندى، كىيىندى، سۆزۈلدى.
كىچىك بىر يۇلتۇز
بىر بۇلۇڭدا بوينى پۈكۈك، ئازابتا
يىغلىدىكى شۇنداق،
بولدى ئاپىرىدە دېڭىز ئوكيانلار.
ئوقۇبەتنى سۆيگەن تەرىپىڭ بىلەن،
ئاشتىڭ گۈزەللىرىنى، ئاشتىڭ بۈيۈكلىرىدىن،
تۇردۇڭ كېلىپ ئالدىغا بۇ ئازابلىق قىزنىڭ
چۈشتى بىردىن ئۇسۇلغا چاچلىرىنى بۇزۇپ
قايدۇردۇڭ بېشىنى گۈزەللىكىڭ بىلەن

بۇ سەرگەردان «دۇنيا» ئاتلىق يۇلتۇزنىڭ.
ئەمدى!
دۇنيا سېنى كۆرستىش ئۈچۈن
چۆرگىلەيدۇ ئاي كۆرۈش ئۈچۈن دىدارىڭنى
دۈشمەن بولدى قۇياش سېنى توسقان بۇلۇتقا
بىلمەن بۇ كائىنات مەجنۇننى،
ئۇرۇلغانمىش سەن گۈزەلگە، خۇددى مەندەك يانىيور.

ئىسمىنى قىيامەت دەرلەر،
يوقلىقىڭنى ئېدراك قىلىشنىڭ،
قارىدار قۇياشنىڭ كۆزلىرى،
چىقار ئاي ھەر كۈنى سەۋر بىلەن  سېنى ئىزدەپ،
يېرىلار ئاي،ئۇرار دۇنيا يۇلتۇزلارغا بېشىنى.
ئاتىشار ئىسمىنى قىيامەت.
سېنى يىتتۈرۈپ قويۇشنىڭ ئالەمى ماتەمنى.

گويا، ئالەمى بىر مۇسابىقە ئورۇنلاشتۇرۇلۇش يۇلتۇزلار ۋە پلانېتلار ئارىسدا. ئۈستىدە ھاياتنىڭ يارىتىلىدىغانلىقىنى، شەرەپلىك مەخلۇق ئىنسانغا بۆشۈك ۋە مازار بولىدىغان يۇلتۇز ۋە پلانېتلار سەپكە تىزىلسۇن، دېيىلمىش. مۇسابىقىگە گىگانت جىسمى بار، كۆز قاماشتۇرغۇچى يۇلتۇزلار قېتىلىپتۇ. ئەمما، دۇنيا (يەرشارى) ئىسمىلىك كىچىك، ئاجىز بىر پىلانېت بويىنى پۈكۈك، بىر بۇلۇڭدا بىچارە ئولتۇرىدىكەن. ھەقىقەتەن دۇنيا، بۇنداق بىر شەرەپنى ئونلارچە يۇلتۇز بار ئىكەن كىمگە ماڭا بېرەتتى؟

دەپ، كەمتەرلىك بىلەن تۇرۇپتۇ. ئازابلىق ھالدا ئۆز تەقدىرىنى كۈتۈپ، بىر بۇلۇڭدا ساقلاپتۇ. ئەمما ئىلاھىي قول، ئۇنىڭ بۇ كەمتەرلىكىنى، ئازابلىق ھالىنى قەدىرلەپتۇ. ۋە ئۇن نەچچىلىگەن ئاسمان جىسىملىرىنى بىر ياقتا قويۇپ، ئىنسانغا يۇرت بولۇش شەرىپىنى يەرشارىغا لايىق كۆرۈپتۇ. بۇ ئوخشىتىشنىڭ ئۆزىنى مەككىگىمۇ قوللانسىڭىز بولىدۇ.

## 17. ماكان چۆشەنچىسى

ئىچىدە مەككە يەر ئالغان ئەرەبىستان يېرىم ئارىلى، يەر پوستىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا خۇددى مەلۇم بىر قول تەرىپىدىن بىر تورت تىلىمىدەك ئۈز جايىدىن ئايرىلىپ ۋە ئوكيانلار بۇ تىلىمنىڭ كېسىشىدىغان گىرۋەكلىرىگە كىرىپ قالغاندەكلا، ئىككى دېڭىز قولتۇقى ئارىسىدىكى (ئەقەبە ۋە پارس قولتۇقى) چۆللەر بىلەن قاپلانغان قۇرۇقلۇق پارچىسى ئىدى. يېرىم ئارالنىڭ شەرقى پەس، غەربى بولسا ئېگىزدۇر. مۇشۇ ھالىتى بىلەن يانچە قويۇلغان بىر تىلىم تورت كېسىمىنى ئەسلىتىدۇ.

ئىسسىق - يېرىم ئارالنىڭ قەدەرىدۇر. بۇ تۇپراقلارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدىن باشقا، يەر تۆمۈر، ئاسمان مىستۇر. يېرىم ئارالنىڭ غەربىي شىمالىنى بويلىغان دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ چۆللىرىدىن بىرى بولغان بۇفۇد چۆلى ياتىدۇ.

بىر قۇم ئوكيانىدۇر.

چۆل. يالىڭاچ، يالغۇز ۋە قورقۇنچلۇق. ئىسمىنى تىلغا ئالا- ئالماي ئېغىز قۇرۇپ كېتىدۇ. چۆل سەھرا ئەرەبلىرىنىڭ ئۆتتەك ئىسسىقتا ھەپتىلەرچە داۋاملىق قىلىدىغان يالغۇز سەپىرىدە ئۇچرىتىدىغان پەقەتلا بىر ئۆسۈملۈك بولسا تىكەنلىك «ھامىد» چاتقىلىدىن باشقا، ھەپتىلەرچە ھېچقانداق بىر يېشىللىق ئۇچرىماس. ئانچە - مۇنچە چىققان ئۆتتەك ئىسسىق چۆل بورىنى، يولۇچىسىنى سالقىنلىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھېس قىلىپ بولغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە زېيىنىمۇ بار ئىدى: چۆل بورىنى چۆلدىكى قۇم

بارخانلىرنى كۆندە بىر مېتىر دېگۈدەك دېڭىز دولقۇنىغا ئوخشاش ئورنىدىن سۈرەتتى. كېتىۋاتقىنىڭىزدا بىسىپ ئۆتكەن تۆپىلىكنى قايتىشىڭىزدا تاپالماسلىقىڭىز ئادەتتىكى بىر ئىشتۇر. بەزى چاغلاردا چىققان قۇم بورانلىرى گوياكى بىر رەھىمسىز دېڭىز بورىنىدەك ھەر نەرسىنى ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ. چۆلدە بوستان، ئوكيانلاردا ئارالدۇر. چۆل كېمىسى بولغان تۆگىلەر، چۆل كاپىتانى قاراۋاش بەدەنلەر، چۆل دەشتىنىڭ كومپاس يۇلتۇزلىرى ئىدى.

چۆلدە ياشىغان ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نەرسە «يول» دۇر. يولنى يوقىتىپ قويۇش (دالالەت) ھاياتنى يوقىتىش بىلەن ئوخشاش مەنادىدۇر. يولنى تېپىۋېلىش بولسا (ھىدايەت) ھاياتتا قېلىش دېمەكتۇر.

تارىخ گۇۋاھ بولغان ئەڭ ئۇلۇغ ئوبرازلار بۇ يېرىم ئارالدا ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. ھەممىسى مەنە چۆلدە يولنى يىتتۈرگەن ئىنسانىيەتكە توغرا يولنى (سىراتى ـمۇستەقىم) كۆرسىتىپ قويغان ئىدى، ئۇلارغا چىغىر يول (شەرىئەت) ئاچقان، ئۇلارغا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئۈستىدە ماڭغان قەدىمى توغرا يولنى كۆرسىتىپ قويۇشقان ئىدى.

بۇلارنىڭ ئەڭ بېشىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېلىدۇ. تەۋراتنىڭ تەكۋىن كىتابىغا قارىغاندا ئىسمى قەدىمي ئەرەبچىدە مۇقەددەس تىلەك ئىگىسى مەناسىغا ئىگە (ئاب ـرام)، ئىسلامى مەنبەلەرگە قارىغاندا «مەرھەمەتلىك دادا» (ئەبۇن راھىمۇن) مەنىسىنى بىرىدىغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، كىم بىلەركى بەلكىم ئەرەبىستان قۇرغاق چۆللۈكىنى تاشلاپ قويۇپ مېسسوپوتامىيىنىڭ مۇنبەت يەرلىرىگە ھىجرەت قىلغان قەدىمى ئەرەب قەبىلىلىرىدىن بىرىگە مەنسۇپ ئىدى. قالدەنىڭ ئۇر شەھىرىدە چوڭ بولغان بولسىمۇ ئەسلى ئۇ يەرنىڭ يەرلىكلىرىدىن ئەمەس ئىدى.

ئۇ يەردە تۇرالمىغان چۆلنىڭ كۆچمەن قەبىلىلەردىن بىرى بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبىلىسى، بۇتپەرەس ئۇر پادىشاھلىقىغا قارشى قىلغان بىر كىشىلىك

دىن كۆرۈشىدە غەلىبە قىلدۇ. ئەمما ھىجرەت قىلىشقا قارار قىلدۇ. ھارران يولى بىلەن ئالدىدا سۇرىيە، ئاندىن پەلەستىنگە قاراپ ھەرىكەت قىلدۇ.

بالىسى يوق ئايالى سارە، ئىبراھىمنىڭ مىسىرلىق زەڭگى ئايال قۇلىدىن بىر بالا ساھىبى بولۇپ قېلىشىنى ئىچىگە سىڭدۈرەلمىگەن ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىلاھىي ئىشارەتلەر نۇرىدا، بالىسى ۋە ئوغلىنىڭ ئانىسىنى ئايالىنىڭ ئۆچمەنلىكىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، يىراق «دىيارلارغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلارنى ئەكېلىپ قويۇپ قويغان يېرى، ئىچىدە پەقەت بىر يالغۇز «سەرخا» دەرىخى بار قۇش ئۇچماس، كارۋان كەچمەس قۇرغاق بىر ۋادى ئىدى.

**«پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) نامازنى ئوقۇسۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ) سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم، پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن»** (14- سۈرە ئىبراھىم 37- ئايەت)

ئەلۋەتتە ئىبراھىم، نەسلىنى قويۇپ كەتكەن بۇ ۋادىغا تاسادىپەن كەلىپ قالغان ئەمەس ئىدى.

ئۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزىغا ئەگىشىپ ماڭغان ئىدى... بارلىق پەيغەمبەرلەر بىر-بىرىنىڭ ئىزىنى ئىزدىگۈچىلەر ئەمەسمىدى؟

## 18. شەھەرلەرنىڭ ئانىسى

مەككە، ئۇچار قۇشلارمۇ ئۇچمايدىغان بىر دەشتى چۆلنىڭ باغرىدىن ۋولقان لاۋالىرى ئېتىلىپ چىققان تاش ئورمانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تار بىر ۋادىغا قۇرۇلغان كىچىك پېئىل كەمتەر بىر شەھەر. ئەتراپى يالىڭاچ ۋە ئۆتكۈر قاپ ـ قارا ۋولقان گىگانت تاشلىرى بىلەن ئورالغاندۇر.

شەرقىي جەنۇبى ئەبۇقۇبەيس ۋە ئەجياد تاغلىرى يۇقىرىلاپ تۆۋەنلەپ بىر زەنجىرسىمان ھالەتتە، كەئبىگە يۈزلەنگەن ھالدا تەزىم ئۆچۈن قىيامدا قول باغلاپ تۇراتتى. شىمالدا ھىندى تاغلىرى، سەۋر تاغلىرى، غەرب تەرىپىدىن بىر ئاز يىراقتا يەنە يانار تاغ داۋانلىرى، مەككىنى قورشاپ تۇرغان بۇ تاغلاردا كۆپىنچە يەرلەر چۆل رەڭگىدە سارغۇچ كۆرۈنىدىغان شور تاشلاردەك كۆزگە چېلىقسىمۇ ئومۇمەن تۇتۇق قارا قىيا تاشلاردىن تۈزۈلىدۇ. تۇپراق يوق دېگۈدەك دەرىجىدە ئاز، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئۇنچىۋالا ئېگىز بولمىغان تەقدىردىمۇ ھەرا تېغى 500 ، سەۋر تېغى 650 مېتىر كېلىدىغان، ھەممىسى دېگۈدەك بىر ۋارونكىغا ئوخشاش تىك ۋە ئۆتكۈر، ھەممىدە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىر پارچە قىيا تاشلاردىن تۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن تىخمۇ ھەيۋەتلىك ۋە ئەزىمەتلىك كۆرۈنىدۇ.

مەككىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەر ئالغان، بۇ لاۋا قىيا تاشلاردىن تۈزۈلگەن قارا تۆپىلىكلەر بىلەن ئورالغان، ئانچە ـ مۇنچە كۆتۈرۈلگەن بولۇپ بۇ رايوندا يۈزلەرچە ئۇيمانلىق بار.

مۆزدەلىفەنىڭ، مىنانىڭ ۋە ئارافاتنىڭمۇ بۇ ئويمانلىقلاردىن بىرى ئىكەنلىكى ئاسانلا كۆزگە چېلىقىدۇ.

ھەقىقەتەن بۇلار ـ ئىچىدە مەككە شەھىرى بولغان بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيىۋى يەرشەكلىدۇر. مەككىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە قاچان قۇرۇلغانلىقىنى سورىسىڭىز تارىخىي مەنبەلەردە بېرىلگەن، بىرنى تازا قايىل قىلالمايدىغان ئوخشىمىغان جاۋابلارغا ئېرىشەلەيسىز. ئەنئام سۈرىسىنىڭ 97 ـ ۋە شۇرا سۈرىسىنىڭ 7 ـ ئايىتىدىن باشلاپ جاۋاب ئىزدەيدىغان بولساق مەككىنىڭ يەر يۈزىدە ئىنسان ياشىسىنىڭ تۇنجى قۇرغان شەھىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىمىز. چۈنكى، قۇرئان ئۇنىڭغا «ئۇممۇل قۇرا» يەنى شەھەرلەرنىڭ ئانىسى ئىسمىنى بەرگەن.

**«بۇ قۇرئان مەككە ئائىلىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن بىز نازىل قىلغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان (تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئوخشاش) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى مۇبارەك كىتابتۇر، ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتقانلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ، ئۇلار نامازلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىدۇ.»** (سۈرە ئەنئام،92 ـ ئايەت)

ئايەتتە ۋە شۇرا سۈرىسىنىڭ ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان «شەھەرلەرنىڭ ئانىسى» ئىپادىسى، بۇ ئايەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ئوقۇلۇشى كېرەك.

**«ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا ئىبادەت ئۈچۈن تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللا) مەككىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر. ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر بار، مەقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى، بەيتۇللاھقا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ. قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن،زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر.»** (سۈرە ئالئىمران. 96 ـ 97 ـ ئايەتلەر)

كەبە، يەر يۈزىدە قۇرۇلغان تۇنجى ئىبادەت يېرىدۇر. مەككە بولسا بارلىق شەھەرلەرنىڭ ئانىسى، يەنى ئىنسان نەسلىنىڭ تۇنجى مەدەنىيەت بۆشۈكى. مۇسۇلمان تەسەۋۋۇرچىلىقى كەبە ۋە مەككىگە مۇشۇنداق بىر ۋەزىپە يۈكلىگەن.

ئۇنداقتا، كەبە مەككىنى تۇغقانمۇ، ياكى مەككە كەبىنىمۇ؟

تارىخشۇناسلار ئالدى بىلەن ئىنسانلارنىڭ يەرلىشىشى، ئاندىن بۇ ئىنسانلارنىڭ ئامموۋى بىر سورۇن پەيدا قىلىشى ۋە ئارقىدىنلا بىر ئىبادەت يېرىگە ئېھتىياجلىق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، كەبىنى مەككە شەھىرىنىڭ تۇغقانلىقىنى سۆزلىشىدۇ. پەقەت ئېغىز - ئېغىزغا قىلىنغان رىۋايەتلەر مۇسۇلمانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا كەبە، مەككىنى تۇغقان ئانا رەھىمدۇر دېگەن قاراشنى پەيدا قىلغان ئىدى.

بىر تەبىرگە قارىغاندا ئىلاھىي ھاكىمىيەتنى تەمسىل قىلغان ئەرشىنىڭ ئاستىدىكى بەيتۇل مەئمۇرنىڭ يەر يۈزىدىكى ئىزناسى قىلىپ قۇرۇلغان كەئبە، ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى ئاتىسىغا ئىبادەت يېرى قىلىپ بېرىلگەن ئىدى. ھەقىقەتەن مەككە بۇ تۇنجى ئىبادەت جايى، يەنى ئەتراپىغا كېڭىيىپ شەھەرلەشكەن تۇنجى ياشاش ماكانىدۇر.

يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك ئۇنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى، بەلكى (مەككە) بولۇپ مەشھۇر بولۇشتىن ئىلگىرىكى قەدىمكى ئىسمى بەككەدۇر. (بەزى قاراشتىكى ئالىملار مەككە دېگەن ئىسمىنىڭ ئەسلى بەككە دىن كەلگەن دەپ قارايدۇ)

تەۋرات، زەبۇردىمۇ ئىسملىرى تىلغا ئېلىنىدۇ:

«نەقەدەر قۇتلۇقتۇر سېنىڭ ئۆيۈڭنىڭ ئاھالىلىرى دائىما ساڭا ھەمد ئېيتىدۇ؛ نە قەدەر مۇبارەكتۇر ئۇ ئىنسان قۇۋۋىتى سەندىندۇر؛ ئۆيۈڭگە كېتىدىغان يولغا كۆڭۈل بەرگەن ئىنسان بەككە ۋادىسىدىن ئۆتكىنىدە ئۇ ئۇنى ئىشسىز ۋە كۆچسىز قويىدۇ.»
(زەبۇر/ مەزمۇرلار 84-6)

كىتابى مۇقەددەس تەرجىمانلىرى غەلىتە ۋە سەۋەبى ئېنىق بولمىغان بىر ئىشنى قىلىپ، تېكىستتە تىلغا ئېلىنغان بەككە دېگەن سۆزنى «كۆز يېشى ۋادىسى» دەپ ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىكەن. بۇ تەرجىمە بىلەن تېكىستنىڭ ئەسلى مەنىسى ئوتتۇرىسىدا ھېچبىر پەرق يوقتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى ھەرەم رايونىنىڭ «تۈنجى بولۇش» سۈپىتىگە ئىگە بولۇشقا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق دېگەن ئىدى.

بۇ يەر ئاللاھ يەرنى ۋە ئاسمانىنى ياراتقان ۋاقتىدىن بېرى مۇقەددەس قىلغان بىر ماكاندۇر. بۇ ماكانغا، ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن قىيامەتكىچە ھېچكىم چېقىلالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن تەبئىي ئۆسۈملۈكلەرنى بۇزۇشقا، ئوۋ ھايۋانلىرىنى ئۈركۈتۈشكە شەرىئەت ھۆكۈمى بىلەن رۇخسەت قىلىنمىغاندۇر.»

ئىبنى ئىسھاق، مەككىنى «ئاللانىڭ مەلەكۇتىنىڭ يەر يۈزىدىكى پايتەختى» دەپ تەرىپلىگەن ئىدى. دەپ تەسۋىرلىگەن بولسا، باشقا تارىخچىلارمۇ ئۇنى «يەرىيۈزىنىڭ كىندىكى» دەپ ئاتاشقان ئىدى.

شۇ تەرىپى ئېنىقكى مەككە ۋە كەئبىنىڭ تارىخى ھەزرىتى ئىبراھىم بىلەن باشلانمىغان. ھەزرىتى ئىبراھىم، بىر باشلىغۇچى (نۆلدىن باشلىغۇچى) ئەمەس، ئىبراھىم سۈرىسىنىڭ ئايەتلىرىدىمۇ بۇ ناھايىتى ئېنىق ئىپادە قىلىنغاندۇر

يەر يۈزىنىڭ ناھايىتى كېيىنكى دەۋرلەردە چۆللۈككە ئايلىنىدىغان رايونلارنىڭ، قەدىمكى زامانلاردا ئىنسانلارنىڭ يەرلىشىشىگە ئەڭ مۇۋاپىق تۇنجى سۇلۇق ۋە يېشىللىققا پۈركەنگەن يەرلەر ئىكەنلىكى بارلىق ئىنسانلار بىلىپ كەتكەن ئاددىي بىر ھەقىقەتتۇر. ئاساسەن مىڭ يىلدا بىر قېتىم يۈز بېرىدىغانلىقى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنغان ئىقلىم ئالمىشىش ھادىسىسىمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنداق، ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇنقى زامانلاردا ئولتۇراقلىشىشقا ئەڭ مۇناسىپ كەلگەن بۇ رايون، يەرشارى خاراكتېرلىك ئىقلىم

ئالمىشىش ھادىسىسىگە دۇچ كېلىپ چۆللىشىپ قۇرغاقلىشىپ كەتكەن ئىدى. بۇ سەۋەبمۇ بۇ رايوندىن باشقا يەرلەردىكى مۇنبەت تۇپراقلار كۆچۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ تۇنجى ئەجدادلىرىنىڭمۇ بۇ رايوندىن كۆچۈپ كەتكەن قوۋملاردىن ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن ئىكەن.

بۇ زېمىنغا تۇنجى قارىغىنىمىزدا كۆزىمىزگە چېلىققان جۇغراپىيىلىك ھەقىقەت، بۇ زېمىننىڭ، ھازىرقى شەرت ـ شارائىتلارغا قارىغاندا ئىنسانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشىغا ھېچ مۇناسىپ ئەمەسلىكىدۇر. بۇ رايوندا ئېرىق ـ ئۆستەڭ ۋە ياكى كۆلگە ئوخشىغان تەبىئىي سۇ مەنبەلىرى يوق. رايوندا زىرائەت تېرىلىشقا ماس كېلىدىغان تۇپراقمۇ يوق. رايوندا باقمىچىلىق قىلىشقا مۇناسىپ ئىقلىم ۋە ئوتلاقمۇ يوق.

بالىسى ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ھاجەرنى بۇ ئىنسانسىز ۋە قۇرغاق رايونغا كەلتۈرگەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىمۇ بۇ ھەقىقەتنى پۈتۈن ھالى بىلەن كۆرۈپ يەتكەن. يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئىبراھىم سۈرىسىنىڭ ئايىتىدە رايوننىڭ بۇ پاسسىپ ئالاھىدىلىكلەرنى ھېسابقا ئېلىپ، ئائىلىسىنى پەقەت ئىبادەتلا قىلسۇن، ياخشى بىر بەندە بولسۇن دېگەن مەقسەتتە مۇشۇنداق ياشاش شارائىتى ئىنتايىن قىيىن بولغان زېمىنغا يەرلەشتۈرگەنلىكىنى ئىپادىلەپ، ئاللاھتىن ئۇلارنىڭ رىزقلاندۇرۇلۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلغانلىقى بايان قىلىنغان .

ئاخبارۇ مەككەنىڭ يازغۇچىسى ئەرزاقىنىڭ بايان قىلغان ئېغىزچە رىۋايەتلەرگە ئائىت مەشھۇر بىر رىۋايەتكە قارىغاندا كەئبە ساماۋى مەلەكلەرنىڭ تاۋاپ قىلغان بەيتۇل مەئمۇرنىڭ يەر يۈزىدىكى ئىزناسىدۇر. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئەل بەيتۇل مەئمۇر، «مېتافىزىك كەئبە» بولماقتىدۇر.

قايسى بىر ۋاقىت كەئبە ۋە مەككە سۆز تېمىسى بولغاندا، مۇتلەق ئېغىزچە ۋە يازمىچە رىۋايەتلەرنىڭ ئۆزىگە ئالاقىدار قىلغانلىقى ۋە كەئبىنىڭ ئەرشتىكى ئەسلى دەپ

چۈشىنىلگەن بەيتۇل مەئمۇر تەسەۋۋۇرى، ئۇقـۇم جەھەتتىن قۇرئانغا ئاساسـلىنىدۇ. تـۇر سۈرىسىدە تىلغا ئېلىنغان كەئبە دەل شۇ بەيتۇل مەئمۇردۇر.

تەپسىرچىلەر بـۇ سىمۋوللۇق ئىپـادىنى ھەر خىـل چۈشەندۈرىدۇ. تـارىخچى ئەزراقى كەبى ئەل بەيتۇل مەئمۇرنى يەتتىنچى ئاسماندا بولغان ۋە ھەر كـۈنى ئـۇ يەرنى يەتمىش مىڭ پەرىشتىلەرنىڭ تـاۋاپ قىلىـدىغان كەئبىنىڭ ئانىسـى بولغـان مەنىۋى بىـر ئىبـادەت قىلىنىغـۈچى جىسىم دەپ سـۈپەتلىگەن، مۇپەسسىر قـازى بەيزاۋى كەبى ئـۇنى تامامەن مەجازغا تەۋە قىلىـپ «مۆئمىنىنـىڭ قەلبىـدۇر» دېگەنلەرمۇ بـار. ھەر ھالەتتە ئەل بەيتۇل مەئمۇر كەئبىنى تۇغمـۇش، مەككە يەر يۈزىـدىكى مەدەنىيەت بۆشـۈكى بولغـان بـارلىق شەھەر ـ كەنتلەرنى تۇغقان ئىكەنمىش.

بۇ تەسەۋۋۇردا كەئبە، ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى ھاياتنىڭ بوسۇغىسىدۇر. ھايات يەر يـۈزىنى بـۇ ئىشكتىن كىرىـپ قەدەم تەشـرىپ قىلغانىـدى. ئەلۋەتتە، يەر يۈزىنىـڭ شەرەپلىك مېھمىنـى ئىنسـان ئوغلىنىڭمـۇ تـۇنجى كۆرۈنگەن يېرىـدۇر. بـۇ ئېغىزچە رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، ماگما ھالىتىدىكى يەرشارىدا تۇنجى دەسسەلگەن رايون بۇ يەر ئىدى. يەنە توپاندىن كېيىـن تـۇنجى قۇرۇغـان رايـون بـۇ يەر ئىـدى. شـۇ ھالـدا ھەج، ئىنسـانىنىڭ يەر يۈزىگە بولغـان تەپەككۇرىـدۇر (رەھمىتـىـدۇر). چـۈنكى مۇسـۇلمان تەسەۋۋۇرىدا مەككە ئىنسـان ھاياتلىقىغا بـاغرىنى ئاچقـان تـۇنجى ماكـان دەپ قوبـۇل قىلىنىدۇ.

ئېغىزچە رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە ئەلبەيتۇل مەئمۇرنىڭ يەر يۈزىـدىكى ئىزناسـى بولغان كەئبىنى، تۇنجى قېتىم ئىبادەت يېرى سۈپىتىدە ئىشلەتكەن كىشـى ـ ئىنسان نەسلىنىڭ ئاتىسى ئادەمدۇر.

كەئبىنىڭ تۆتقـان ئـورنى بىـر ۋولقـان ئېغـزى كۆرۈنۈشىنى بېرىـدۇ. يەريۈزىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرىـدە بـۇ يەردە ۋۇجۇدقـا چىققان دەھشەتلىك بىـر ۋولقـان ئېتىلىپ

چىقىش بىلەن ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان ئېگىزلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەنمىش. ھەتتا ئىككىنچى ئەۋلادقا مەنسۇپ ئاتانىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا كۆرە ئابدۇللاھ بىن زۇبەير ئەمەۋى قوشۇنىنىڭ مانجاناق بىلەن ۋەيران قىلغان كەئبىنى يېڭىدىن ياسىغان ۋاقتىدا، ئىشچىلارغا كەبىنىڭ ئاساسى ئۇلغا قەدەر قېزىشقا بۇيرۇق قىلغانىكەن. ئۇلى قېزىلغانسېرى تۆگە چوڭلۇقىدىكى تاشلار يەرلەشتۈرۈلگەن بىر زېمىنغا ئۇچرىشىپتۇ، ئۇلارنىمۇ ئېچىشقا شۇنداق كۆچىگەن بولسىمۇ نەتىجىسىز ئاخىرلىشىپتۇ. چۈنكى، ئۇ چوڭ تاشلارنىڭ ئاستىدىن كەلگەن ، ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ھاياتىنى خەتەرگە ئىتتەرگۈدەك دەرىجىدىكى كۆيدۈرگۈچى بىر ھاۋا ئېقىمى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ئىكەن.

تەخمىنەن مىڭلارچە يىللىق بىر مۇددەت ئىچىدە بەزى ۋاقىت يەمەننىڭ دېڭىز يۈزىدىن يۇكسەك ئېگىزلىكلەردىن كەلگەن شىددەتلىك كەلكۈنلەرنىڭ تۈرتۈشى بىلەن بۇ چوڭقۇرلۇق بىر ۋادى ھالىغا كەلگەنمىش ۋە ھەزرىتى ئىبراھىم بىر ئىلاھى پىلان بىلەن بۇ تۈنجى ئىبادەت يېرىنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ رايونغا ئەۋەتىلگەن ئىكەن. قۇرئاندا: «مەن نەسلىمنى سېنىڭ مۇقەددەس ئۆيۈڭنىڭ يېنىغا زىرائەت تېرىغىلى بولمايدىغان بىر ۋادىغا يەرلەشتۈردۈم» دېيىشىدىنمۇ بىزگە بېرىلگەن بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەر بار.

كەئبە، ھەزرىتى ئىبراھىم ۋە ئوغلى تەرىپىدىن ئىچىدە ئىبادەت قىلىنىش ئۈچۈن بىنا قىلىنغاندا، ھەزرىتى ئىبراھىم ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئىنسانلارنى بۇ يەرگە زىيارەتكە كېلىشكە چاقىرغان ئىدى. بۇ چاقىرىق ئاللاھنىڭ نەزىرىدە شۇنداق قوبۇل قىلىنغانكى، قۇرغۇچىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن مىڭلارچە يىلدىن كېيىنمۇ دۇنيانىڭ تۆت بىر تەرىپىدىن ئىنسانلار بۇ مىس رەڭلىك، قاقاس ۋە قۇرغاق زېمىنغا سۆيۈنۈش كۆز ياشلىرى بىلەن بىر كەلكۈندەك ئېقىپ كېلىشنى داۋام قىلماقتا.

يۇقىرىدا سىزغان مەككە جۇغراپىيىسىنىڭ رەسىمنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگەچ شۇ سوئالنى ھەربىر ئىنسان ئۆز - ئۆزىدىن سورىشى كېرەك: «مىڭ يىللىق ئۆمرۈم بولسا ۋە ئۆمرۈم بويىچە دۇنيانى كېزىپ ساياھەت قىلىدىغان ئىمكانىم بولسا، دۇنيانىڭ جەننەتتەك ساھىللىرى، ئورمانلىقلىرى، ھەيۋەتلىك تاغلىرى، زۇمرەت سۇلۇق ئاجايىپ گۈزەل كۆللىرى، چىمەنزار يېشىل باغلىرى، ئىچىدە كەۋسەر سۇلىرى ئاقىدىغان چىرايلىق ئۆستەڭلىرى ۋە تەبىئىي جەننەتلىرى باركەن، بىرىنچى سەپىرىمنى بۇ يەرگە قىلارمىدىم؟

بۇ سوئالغا بېرىلىدىغان جاۋاب «كەبە بولمىغان بولسا ھەرگىزمۇ! (ھەرگىزمۇ بۇ يەرگە قىلمايتتىم)» بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا كەئبىنىڭ مۇشۇنداق بىر ھېچنېمىسى يوق جۇغراپىيىسىدە بولۇشىنىڭ ئىپادە قىلماقچى بولغان بىر مەنىسى بارمىكىن؟ ئەلۋەتتە بار.

خۇددى بېشىدا سىزىپ چىققان دۇنيا مودېلىدا بولغاندەك، بۇنىڭ بەرمەكچى بولغان ئۇچۇرى مۇنداق: «ئاللاھ بىر يەرنى مۇقەددەس قىلسا، ئىنسانلارنى ئۇ يەرگە مەپتۇن قىلىدۇ. خالىساڭ ئۇ يەر ئىنسانىنىڭ ھايات كەچۈرۈشكە نامۇۋاپىق قۇرغاق ۋە قاقاس يەر بولغان تەقدىردىمۇ».

ئۇ ھالدا ئەي ئىنسانلار، ئاللاھقا يارىغىدەك بولۇشىڭىزغا ئەھمىيەت بېرىڭ. ئۇنى رازى قىلىسىڭىز باشقا ئەھۋالىڭىزنىڭ قانداق بولۇشى ئۇنچىلىك مۇھىم ئەمەس. چۈنكى ئۇلۇغلاشمۇ (مۇئىز)، پەس قىلىشمۇ (مۇزىل) ئاللاھقا ئائىتتۇر. ئۇ بىر ئىنساننى ئەزىز قىلسا، دۇنيا ئالەم بىرلەشسە ئۇنى رەزىل قىلالمايدۇ. **«غەلىبە الله قا، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە مەنسۇپ،....»**. (63- سۈرە مۇنافىقۇن 8- ئايەت)

## 19. كەئبە

**«الله بەيتۇلھەرەم بولغان كەبىنى، ھەج ئېيىنى، ھەجدە قىلىنىدىغان قۇربانلىقنى، (قۇربانلىقنىڭ ئالامىتى سۈپىتىدە) بويۇنلىرىغا بەلگە ئېسىلغان تۆگىلەرنى ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ تۈتقۇسى قىلدى،»** (سۈرە مائىدە 97. ئايەت)

ئىسلام دىنىنىڭ كائىنات تەسەۋۋۇرىدا كەئبە، كۆك ئاسمان بىلەن يەر - زېمىننى بىرلەشتۈرگەن ئانا ئوق ئۈستىگە يەرلىشىدۇ. سامانىڭ رەھمەدىن يەرنىڭ كىندىكىگىچە قەدەر سوزۇلغان مەنىۋى ئوزۇقلىنىش ئارغامچىسىدۇر. يەنى كەئبە يەر يۈزىنى ئاسمانغا، بۇ يەرنى ئۇ تەرەپكە، ماھىيەتنى ئاشىقىغا، تۆۋەننى يۇقىرىغا، باقىيسى يوقنى باقىيغا باغلايدىغان بىر كىندىك تۈگمىسىدۇر.

كەئبىنىڭ «كىچىك ئالەم» ئىنسان جىسمىدىكى تەڭتۈشى بولسا يۈرەكتۇر. يەنى سۆيگۈنىڭ ۋە ئىمانىنىڭ ماكانى بولغان يۈرەك، «رەھمانىنىڭ ئەرشى» بولغان، ئىلاھى مەرھەمەتنىڭ تەجەللى يېرى بولغان يۈرەك.

كەئبىنى پەرىشتىلەرنىڭ ئۈنى تاۋاپ قىلغان بەيتۇل مەئمۇرنىڭ يەريۈزىدىكى سايىسى دەپ ھېسابلايدىغان ئېغىزچە رىۋايەتلەردە، كەئبىنى تۇنجى بولۇپ كىمنىڭ بەرپا قىلغانلىقى توغرىسىدىكى سوئالغا ئىككى خىل جاۋاب بېرىدۇ. بىرىنچىسى ئادەم ئاللاھقا ئىبادەت قىلسۇن دەپ پەرىشتىلەر، پەرىشتىلەرنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئادەم ئاتىمىز ئۆز قولى بىلەن ئىنشا قىلغان.

بۇنىڭ دەلىلى بولسا، ئىنسانىيەتنىڭ ئاتىسىنىڭ قۇرئاندا سىمۋوللۇق بىر تىلدا ئىپتىلغان جەننەتتىن يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلۈش ھېكايىسىگە يوشۇرۇنغان: سۈرە بەقەرەنىڭ 35- ۋە 36 - ئايەتلىرىدە بايان قىلىنغىنىدەك. ئادەم بىلەن ھەۋۋا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئاللاھ «يېقىنلاشماڭلار» دېگەن دەرەخكە يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ مېۋىسىدىن تېتىپ باققانلىقى، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى يەر يۈزىگە چۈشۈپ كېتىشكە بۇيرۇلغان ۋە يەر يۈزىدە ئۆزلىرىنىڭ «خەلىپىلىك» يەنى ئورۇن باسارلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا بۇيرۇلغان.

ئۆرلەشنى خالىسا ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئۆرلەيدۇ. ئىنساننىڭ ئالدىدا ئۆز تەقدىرىنى تاللاشتا ئىككى يول باردۇر. يا توغرىسىنى ياكى ئەگرىسىنى، يا ھەقنى ياكى باتىلنى، يا ئادالەتنى ياكى زۇلۇمنى تاللايدۇ. تاللىغان يولىغا قارىتا بىر ئاقىۋەتكە ئېرىشىدۇ: يا مۇكاپات بېرىلىدۇ ياكى جازا.

شەيتانمۇ گۇناھ قىلدى، ئادەممۇ گۇناھ قىلدى. پەقەت شەيتان گۇناھىنى ئاقلىدى ۋە ئىبلىس (يەنى قوغلانغۇچى، لەنەتلەنگۈچى بولدى)

ئادەم بولسا گۇناھىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە «ئادەم» بولدى. ئادەمنى ئادەم بولۇشقا ئۈندىگەن نەرسە يەنى ئارزۇسى ئۇنىڭ يىتتۈرۈپ قويغان جەننىتى ئىدى. ئۇ چۈشۈرۈۋېتىلگەن شۇ ماقامنى سېغىنىدۇ، دۇنيادىكى يالغۇزلۇقىغا ئۆكۈنەتتى. ئەرزاقى نەقىل قىلغان، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن ئادەم نىڭ كەبىگە ئۈچرىشىش توغرۇلۇق ئاغزاكى رىۋايەت تۆۋەندىكىدەك؛

ئادەم جەننەتتە تۇرغاندا پەرىشتىلەرنىڭ بەيتۇل مەئمۇردىكى تەسبىھ ۋە تەكبىر ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتى. ئۇمۇ بۇ پەرىشتىلەرنىڭ تەسبىھاتىغا جور بولاتتى. چۈشكەندىن كېيىن غۇربەتچىلىك ۋە يالغۇزلۇق ئازابىنى بىرگە تارتتى. پەيغەمبىرىمىزمۇ بىر ھەدىسىدە «كۆن فىددۇنيا كە ئابىرىس سەبىل» (بۇ دۇنيادا غېرىب بىر يولۇچى

بـول) دېگەن ئـىـدىغۇ. ئـادەم، ھەقىقەتەن ئىنسـان نەسـلىنىڭ بـۇ دۇنيـادىكى ئـۇزۇن سەپىرىنىڭ تۇنجى زەنجىرىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى بولغان ئىدى.

ئـادەم جەننەتتىن يىراقلاشـتۇرۇلغانـدىن كېيىـن، بەيتۇل مەئمۇرنى تـاۋاپ قىلغـان تەكبىر ۋە تەسـبىھ ئـاۋازلىرىنى ئاڭلىيالمايـدىغان بولـۇپ قالـدۇ. ھەسـرەتتە قالغـان ئـۇ ئاۋازلارنى يېڭىدىن ئاڭلاش ئۈچۈن، ئۇ ئاۋازلارغا جـور بولـۇش ئىشـتىياق ئـوتى قەلبىـدە يالقۇنجايتتى. شۇڭلاشقا كەئبە ئادەمنىڭ مۇشـۇ ئىشـتىياقىغا جاۋابەن ئالّلانـىڭ ئەمرى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئىنشا قىلىندى.

يەنە باشـقا ئـاغزاكى رىۋايەتلەرگە قارىغانـدا، ئـۇ يالغۇزلۇقىغا ھەمدەمـدە بولـدىغان تۇنجى بولۇپ يىتتۈرۈپ قويغۇچىسى بولغـان ئايـالى بىلەن كۆنـدۈزنىڭ ئىمانىغا شـاھىت قىلىنغـان ئاراپـات تېغىـدا تېپىشـقان ئـىدى. ھاجىنىـڭ كىچىسىنى ئىمانىغا گـۇۋاھچى قىلغان مۇزدەلىفەدە بولسا بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق بىرلەشتى.

يەر يۈزىنىڭ تۇنجى ئىبادەت گاھى بولغان كەئبە بولسا پۈتۈن بـۇ سەۋەبلەر بىلەن، ئىنسان ئوغلىنىڭ يېتۈك جەننىتى بىلەن ئۈچرىششىنى تەمسىل قىلىدۇ. تاۋاپ بولسا بـۇ ئۈچرىششىنىڭ تەرىپلىگۈسىز خۇشاللىقىنىڭ بىر ئىپادىلىنىشىدۇر.

ئىنسان كەئبىسىز، كەبىمۇ ئىنسانسىز قىممىتىنى تاپالمايدۇ. ئادەم ئۇرۇقى يەر يۈزىگە چۈشـكەنىكەن، كۆكـتىكى كەبىمۇ يەر يۈزىگە چۈشۈشـى كېـرەك ئەمەسـمۇ؟ ئـادەم ئۇرۇقىنىڭ پاكىز مېۋىلىرىنى بېرىشى ئۈچۈن بۇ مۇشـۇنداق بولۇشـى كېـرەك ئـىدى، ھەم شـۇنداق بولـدى. پەرىشـتىلەرنىڭ روھىغا سەجدە قىلـىش بىلەن بۇيرۇلغـان ئىنسـانمۇ، كەئبىنىڭ سەۋەبى بىلەن روھىغـا ھۆرمەت كۆرسىتىشـنى ئۆگەنـدى. تاۋاپنىـڭ چەمبەر شەكىللىك ئايلانما بولۇشىنىڭ مەنىسى بۇ ئىدى: يەنى باشلىغان يېرىگە كېلىشى

ئەسـلى ھالىتىگە قـايتىش... ئـۆز ئۆزىگە قـايتىش... بىـر ئاشىقنىڭ پىرقىرىشىغا ئوخشاش ئۆز كامالەت ئايلانمىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر، ئەسلىدە....

نامـاز ئوقۇغانــدا ھەر ۋاقــت كەبىگە يۈزلەنگەن مۇسـۇلمان، تـارىخنى ئىنسـانىيەتنى بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان بىر زەنجىرنىڭ كەمتەر بىر ھالقىسى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىـر چۈشەنچىنى تىرىـك تۇتقـان بولـدۇ. بـۇ كەئبە بىلەن مـۆمىن ئارىسىدىكى سىرلىق بىـر ئالاقىدۇر. بۇنىڭ يەنە بىر باغلىنىشى بولسا، ھەج ئىبادىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشقاندۇر.

*　*　*

كەئبە، «كۇپ، كـۇپ شەكىللىك جىسىم» مەناسىغا ئىگە ئىـدى. ھـازىرقى كـۆلىمى 13*12*11 مېــتىر بولـۇپ مۇكەممەل بىــر كـۇپ بولالمىغــان بولسىمۇ، ھەزرىتى ئىبراھىمنىــڭ ئەسـلى ئىنشا قىلغىنىنــڭ بولسا بىجىرىــم بىــر كـۇپ ئىكەنلىكى بىـر ھەقىقەتتۇر. بــۇ ھەقىقەتنى رەســۇلۇللاھ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزغــا مۇنداق دەپ بەرگەن يەنە بىر قېتىم مۇنداق دېگەن:

**«ئەگەر جامائەتنىڭ جاھىلىيەت بىلەن بولغــان خــاتىرىلىرى تېخىچە ســاقلانمىغان بولغىنىــدا (يـاكى جامائەت جاھىلىيەت دەۋرىــدىن ئەمـدىلا ئايرىلغـان بولمىغىنىــدا شـۇ كەئبىنى ئـۆرۈپ ئىبراھىمنىــڭ قۇرغـان ئـۇلى ئۈسـتىگە يېڭىـدىن قايتـا سـالغان بـولار ئىدىم.»** (بۇخارى 574 ـ 2؛ مۇسلىم 2/969 ـ 1333)

تارىخ بويىچە مەككە ۋادىسىنى نۇرغۇنلىغان سەل ئـاپىتى باسقان ئىكەن. بۇلارنىـڭ بەزىلىرى كەئبىنى يىقىـۋېتىدەك كۈچلۈكلۈكتە بولغـان. مانـا كۈچلـۈك سەل ئاپەتلىرىـدىن بىـرى بولسا يەمەنــدىن كەلگەن مەشـھۇر ئـارىم كەلكۈنى ئىــدى. مىلادى 605ـ يىلىـدا كەئبىنى يەر بىلەن يەكسـان قىلغـان بـۇ سەلنىڭ ئارقىسىدىن جاھىلىيەت مۇشـرىكلىرى ئاللانىــڭ ئـۆيى ۋە ھەزرىتى ئىبراھىمغـا بولغـان ھۆرمىتىــدىن قۇسۇرسىز ھالـدا كەئبىنى يېڭىـدىن ئىنشا قىلدۇردى.

شۇ يىلى جىــددە يېقىنلىرىــدا قىرغاققا پېتىپ قالغان بىـر كېمىنىــڭ تاختـايلىرىنى سېتىۋېلىپ شۇ كېمىنىڭ يولۇچىلىرى ئىچىدىكى بىر رىملىق مىمارغا كەئبىنى سالدۇردى.

ماتېرىيال يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ قۇرغان ھەجمىدىن كىچىك قىلدۇرغانىدى. قىسقارتقان تەرىپى كەئبىنىڭ كەئبە ئۈلىقى بار تەرىپى ئىدى. (مۇسلىم 2/970)

رەسۇلۇللاھنىڭ «بۇ يەر كەئبىنىڭ ئىچىدۇر» دېگەن، ئاي شەكلىدىكى بىر تام بىلەن قورشالغان (خاتىم) ۋە ھىجرى ئىسمائىل دەپ بىلىنىدىغان يەر، ئەسلىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سالغان كەئبىنىڭ قۇرۇلۇشى بويىچە كەئبىنىڭ ئىچىدە بولاتتى. رەسۇلۇللاھ بۇنىڭ ئۈچۈن تۆپەيلى ھەجرۇل ئەسۋەد ۋە يەمەن بۇلۇڭىغا سالام بەرگەن بىلەن ھىجىر تەرەپتىكى ئىككى بۇلۇڭغا پەقەت سالام بەرمەيتتى.

ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ رىئاللىقتا ئايلاندۇرمىغان بۇ چۈشىنى ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ نەۋرىسى ئابدۇللاھ بىن زۇبەير رىئاللىقتا ئايلاندۇردى. ئەمەۋىلەرنىڭ قوماندانى ھەججاجنىڭ ئوك قۇلى بولغان ۋە تولىمۇ كۆپ قان تۆككەنلىكى ئۈچۈن «مۇسرىف» دەپ نامى بىلەن تونۇلغان مۇسلىم بىن ئۇقبە، ئەمەۋىلەرنىڭ ئۆكتىچىسى بولغان ئابدۇللاھ بىن زۇبەير (ۋاپاتى ھىجرىيىنىڭ 73- يىلىغا توغرا كېلىدۇ) نى باستۇرۇش ئۈچۈن كەئبىنى مانجاناق بىلەن ھۇجۇمغا تۇتتى. قىسقىغىنە مۇددەت ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ئابدۇللاھ بىن زۇبەيرە، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئۇلىنى تېپىپ كەئبىنى ئۇ ئۇلنىڭ ئۈستىگە بىنا قىلدى. مۇشرىكلەرنىڭ پۇل تاپىدىغان بىر ئىشقا ئايلاندۇرۇش ۋە پارا قىلىپ ئىستىمال قىلىشى ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ كەئبىنىڭ ئىچىگە كىرىشنى چەكلەش مەقسىتىدە ئېگىزلىتىۋالغان دەرۋازا بوسۇغىسىنى ئەسلىدىكى ئورنىغا، يەنى يەر بىلەن تەڭ ھالەتكە ئېلىپ كەلدى. يەنە ئەسلى كەئبىنىڭ ئارقا تەرىپىدە بار بولۇپ ئېتىۋېتىلگەن ئارقا دەرۋازىسىنىمۇ يېڭىدىن ئاچقۇرغان ئىدى.

ئەمما ملك بىر جاپادا پۈتۈپ چىققان پۈتۈن بۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەمگەكلىرى ئەمەۋىلەر خەلىپىسى ئابدۇلمەلىكنىڭ قولى بىلەن يوق قىلىندى ۋە كەئبە يەنە شۇ

ئەسكى تۇرقىغا قايتۇرۇلدى.

مىليونلارچە ئىنسانىنىڭ يۈزىنى سۈرتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىدىغان بۇ ئاددىي-ساددا ۋە كەمتەر قۇرۇلۇش، ئەسلىدە تەۋھىدنىڭ سىمۋول ئىدى. بۇ كىچىك قۇرۇلۇش، ئاددىيلىقى ۋە كىچىك پېئىللىقى بىلەن دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلمىغۇدەك ھەقىقىي بىر قۇرۇلۇش ئىدى. ئۇنى يېڭىدىن بەرپا قىلغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، قەلبىدىكى تەۋھىد ئىشقىنى، پەقەتلا مۇشۇنچىلىك تاشقا ئەكس ئەتتۈرەلىگەن ئىدى. تەۋھىد ئىمارەتكە ئايلانغان بۇ قۇرۇلۇشتا ھەر تۈرلۈك زىننەت ۋە كۆلپەتتىن ئۈزاق تۇرۇلغان ئىكەن. بۇ قۇرۇلۇش، ئۇنى ھەر قېتىم كۆرگەن كىشىگە، ئىنسانىنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى ئاجىزلىقىنى يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتىپ بېرەتتى.

كەئبە، ئىنسانىنىڭ ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان بىر ئاجىزلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك رول ئوينايتتى.

كەئبە، ئىنسانىيەتنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن قىلغان ۋە قىلماقچى بولغان ھەر ئىشىنىڭ، ئاللاھنىڭ ھەقىقىتى ئالدىدا نەقەدەر سىمۋوللۇق ۋە قىممەتسىز قالىدىغانلىقىنى تەمسىل قىلاتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا قانداق تەسلىم بولۇشنىڭ ئىنسانغا ئۆگىتىلگەن ھالىتى بولسا، كەبىمۇ تەسلىم بولۇشنىڭ ئىمارەتكە ئايلانغان بىر كۆرۈنۈشى ئىدى.

كەئبە، ماكاننىڭ 3 تەرەپلىك ۋە زامان بىلەن بىرلىكتە «ئاشىق» نىڭ بىناسى ئىدى.

بىر بىنا لايىھىلىگۈچىگە سەن قەلبىڭدىكى ئاشىقنى بىناغا ئايلاندۇر دېسە، مېنىڭچە ھەرقانچە قىلسىمۇ بۇنچىلىك دەرىجىدە بىر بىنا لايىھىلەپ قۇرالمىغان بولاتتى. كەئبىنىڭ گېئومېترىيىلىك شەكلى ئەبەدىي بولغانغا بولغان ئىشتىياقنىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى ئىنسانىنىڭ قۇلىقىغا ئاستىلا شىۋىرلايتتى. ئەنە شۇ ئىشتىياقتۇر مىليونلارنى ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە كەبى ئايلاندۇرغان. ئۇ، ئاشىقنىڭ كىچىك پېئىللىقىنىڭ

تەڭداشسىز لەززەتنى نامايەندە قىلغان ئىدى.

كەئبە، بىنا قىلىنغان كۈندىن بېرى مىڭلارچە يىل ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ بىر خاتىرىسى بولۇپ ھۆرمەت كۆردى. ئۇنىڭ تەۋھىدنى سىمۋول قىلىنغانلىقى ئۇنتۇلغان زامانلارمۇ بولدى. ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ قۇدىلىرى ۋە مۆئمىنلىرى بولغان جۇرھۇملۇقلار، ھەرەمدىن ئالغان بەزى تاشلارغا ئاشۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ كەتكەن يېرىگە ئۇنىمۇ كۆتۈرۈپ باردىلار. تۇنجى ئەۋلاد بۇلارنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى بارلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەۋلادلار، ئاتىلارنىڭ ئىبادەت ۋاقتىدا كەبىگە تەمسىل قىلىنىپ ئالدىغا قويۇلغان ۋە تاۋاپ قىلغان بۇ تاشلارنى ئىلاھلاشتۇردى. مانا بۇ ئەرەبلەردە تاشلارغا چوقۇنۇش ئادىتىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشىدۇر.

ئادەت بىلەن ئىبادەت ئارىسىدا، تەزىم بىلەن خۇراپات ئارىسىدا ناھايىتىمۇ نېپىز بىر پەردە بار. ئەگەر بۇ پەردە يىرتىلسا تەۋھىدنىڭ شېرىككە، ھەقنىڭ باتىلغا ئارىلىشىپ كېتىشى ناھايىتى ئاسان بىر ئىشتۇر. بۇ ھادىسە بۇنىڭ ئەڭ روشەن دەلىلىدۇر.

ھەزرىتى ئىسمائىلدىن كېيىن كەئبە، جۇرھۇملارنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرەبلەرنىڭ تۇنجى ئاتىلىرىدىن بولغان ئامالىقالارنىڭ قولىغا ئۆتتى. شەكىلسىز ۋە تۈز تاشلارغا چوقۇنغان ئەرەبلەر تۇنجى سۈرەتلىك ھەيكەلنى كەلتۈرگەن ئادەم، سېخىيلىقى بىلەن مەشھۇر ئامىر بىن لۇھەي بولدى. بۇ ھۇبەل ئىسىملىك بۇت ئىدى. شۇ دەۋرنىڭ ئىبراھىمى شائىرى پادىشاھنىڭ بۇ ئىشنى تەنقىد قىلغاندىن كېيىن مەدىنىگە سۈرگۈن قىلىنغان.

ئەرەب قەبىلىلىرىدىن جەنۇبلۇق ھۇززا ۋە شىماللىق قۇساي ئوتتۇرىسىدىكى كەئبىنى تەمسىل قىلىش ئۇرۇشىدا بىر قەبىلىلەر بىرلىكىنىڭ ئىسمى بولغان قۇرەيشكە مەنسۇپ بولغان قۇساي ئۇتۇپ چىقىدۇ. قۇرەيش كەبىگە ھەددىدىن زىيادە ھۆرمەت قىلاتتى. ھەتتا بەزى بايلار بىز كىيىملىرىمىز بىلەن گۇناھ ئىشلەيمىز دېگەن چۈشەنچە بىلەن،

كەئبىنى قىــپ ـ يالىڭــاچ تــاۋاپ قىلىشــاتتى. ئايــاللار يالىڭــاچ تــاۋاپنى ئاخشىمى، قىلىشاتتى، تاۋاپ جەريانىدا بىر قولىنى ئالدىغا باشقا بىر قولىنى كەينىگە قويۇۋالاتتى.

ھەزرىتى پەيغەمبەر، مەككىنى فەتھە قىلغانــدا كەئبە ئىچىــدە ھەر تۈرلــۈك دىنىنــى تەمسىل قىلغــان ھەيكەللەر، مەبۇدلار، سىمۋوللار ۋە رەسىملەر بــار ئىــدى. تــارىخچىلار بۇلارنىڭ سانىنى 360 تانە دەيدۇ. ئىشىنىڭ قىزىق تەرىپى بۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت باتىل دىنلارنىڭ سىمۋول خاراكتېرلىك بۇتلىرىلا ئەمەس يەنە ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ بىــر رەسىمى بىلەن قۇچىقىــدا ھەزرىتى ئەيسا بولغان مەريەم ئانىنىــڭ رەسىمىمۇ بــار ئىــدى. بەلكى مەريەم ۋە ئەيســـا رەسىمى، كەبىنىڭ قۇرۇلۇشىغا لايىھە تۈزۈشـــكىچى بولغـــان خرىسـتىيانىنىڭ خاتىرىسـى سۈپىتىدە كەبىگە كىرگەن بولىشى مۇمكىن. ھەتتا ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ، بىر شېرىك ئادىتى بولغان، پال ئوقنى تارتىۋاتقان ھالىتىنىــڭ رەسىمىنى سىزغان ئىدى.

مۇشـرىكلەر ئــۆز دىنلىرىغىمـۇ ھۆرمەت كۆرسىتىلىش شەرتى بىلەن، پۈتـۈن دىنلارغا ھۆرمەت قىلىشــقا ئادەتلەنگەن بولغاچقــا. پەيغەمبەر ئەلەيھىســـالامدىنمۇ بــۇنى تەلەپ قىلاتــتى. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىســـالامنىڭ ئىلىــپ كەلگەن دىنىنـــىڭ سىمۋولىنىڭ ـ سىمۋول بولۇپ كەبىگە قويۇلۇشىغا رازى بولغان بولسا ئىدى، ئۇلار بۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ مەمنۇن بۇلاتـتى. چۈنكى، بۇنـىڭ سەۋەبى بىلەن رايوننىــڭ ئەڭ بۈيـۈك تىجارەت شەھىرى بولغان مەككىنىڭ تىجارى ھەجمى يەنە بىر ھەسسە چوڭايغان بۇلاتــتى. يەنە تېخى، مۇشرىكلەر پۈتكۈل بۇ بۇتلارغا ھۆرمەت قىلىشىپ ھەممىسىدىن ئۆتۈپ بىر ئاللاھقا بۇرۇندىن تــارتىپ ئىشىنەتتى. لېكىــن ئــاللاھ، ئۇلارنىــڭ بــۇ قىلغــانلىرىنى شېرىك دەپ يەنى ھەق ۋە باتىلنىــڭ شېرىكلىششــى دەپ قــاراپ ئــۇنى تېگــى بىلەن قوشـۇپ رەت قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىســـالام مەككىنىڭ فەتھىــدە، ھەزرىتى ئىبراھىمنىــڭ تەۋھىــد

ئەنئەنىسىنى يېڭىلاپ بارلىق بۇتلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كەبىدە ئىككىنچى بۇت يوق بولاتتى. كەئبە يېڭىدىن تەۋھىدنىڭ مەركىزى بولغان ئىدى.

## خاتىرجەملىك ۋە ئەركىنلىكنىڭ سىمۋولى

كەئبىنىڭ قۇرئاندىكى ئىسىملىرىدىن بىرى «ئەلبەيتۇل ھەرەم» دۇر.

ھەرەم ھەم ئۇنىڭ «چېقىلغىلى بولمايدىغان» لىق ئورنىغا ھەمدە «قۇتلۇق» لىقىغا دالالەت بولاتتى. ئاساسەن «ھەرەم» ئۇقۇمى، خىيالىمىزغا كەلتۈرگەن بارلىق مەنىلىرى بىلەن بىرلىكتە سۈپەتلىگەن نەرسىنىڭ «بىخەتەرلىككە» ئالاقىدار بېشارەتتۇر. ھەقىقەتەن «ئىمان» نىڭ ئەخلاقى مەنىسىمۇ «ئەمىن» ئەمەسمىدى. شۇنداق بولغاچقا ئىمان ئىنسانغا قانداق بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بەرگەن بولسا بۇ سەۋەبتىن مۆئمىندىن «ئەمىنلىك» سۈپىتى تەلەپ قىلىنسا، «بەيتۇل ھەرەم» مۇ ئەمىنلىك بېرىدۇ ۋە مۆئمىندىن بىخەتەرلىكنى زىيانغا ئۇچراتماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇنىڭغا قۇرئاننىڭ بەرگەن باشقا بىر ئىسمى بولسا «ئەلبەيتۇل ئاتىقى»دۇر. (22-سۈرە 29-ۋە 33 ئايەتلەر)

بىرىنچى مەنىسى «ھۆرلۈكنىڭ نەمۇنىسى ئۆي» دۇر. چۈنكى ئەتىق كەلىمىسى، «قۇلنى ھۆرلۈككە چىقارماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە ئەلبەيتۇل ئاتىق نىڭ مەنىسىنى «ھۆرلۈك» بىلەن چۈشەندۈرگەنلىكى مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: **«ئاللاھ كەبىگە ئاتىق دېدى. چۈنكى ئۇنى مۇستەبىتلەرنىڭ ھۇجۇملىرىدىن قوغداپ ھۆر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق بىر مۇستەبىت ئۇنى قولغا كىرگۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىدى»**.

پەقەت، ئاتىق كەلىمىسىنىڭ ئىككىنچى بىر مەنىسمۇ باردۇر: بىرى «ئەسكى، قەدىمى» ، ياكى «قەدىمى بولغانلىقى ئۈچۈن قىممەتلىك»؛ باشقا بىر مەنىسى «ئۇلۇغ، شەرەپلىك، ئۈستۈن» ، كەئبىنىڭ «تۈنجىسى» ، «ئەڭ قەدىمي» بولۇش ئالاھىدىلىكىنى قۇرئان باشقا بىر ئايەتتە ئۇلۇغلىغان ئىدى. قۇرتۇبى بۇ باغلىنىشلىق ھالدا ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ «ئىبادەت گاھ قىلىپ سېلىنغان تۇنجى ئۆي كەبىدۇر» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىپ ئۆتىدۇ. كەئبىنىڭ قۇرئاندا «ئەمىنلىكنىڭ ئىبادەتخانىسى» ۋە «ھۆرلۈكنىڭ ئىبادەت گاھى» دەپ سۈپەتلىنىشى نېمىنى ئىپادىلەيدۇ؟

شۇنداق، كەئبە ئىنسانىنىڭ ئەڭ ئەسكى ئىككى مەسىلىسىنىڭ، ئونتولوگىيىلىك ئىككى مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىش چارىسىنى كۆرستىپ بېرەتتى: ئىنسانىنىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئەركىنلىكى. بۇ مەسىلىلەرنىڭ چارىسى پەقەتلا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش بىلەنلا ھەل بولۇشى مۇمكىن بولاتتى.

بۇتلاردىن پاكلىنىپ بىخەتەرلىك ۋە ئەركىنلىك ئۆيى بولۇش ئالاھىدىلىكىنى يېگىدىن ئۆز ئۈستىگە ئالغان بىر كەئبە بۇندىن تارتىپ ئىنسانىنىڭ قەلبىدىكى ۋە زېھنىدىكى بۇتلارنى چاقىدىغان بىر مەركەز قىلىپ ئىشلىتىلەتتى. ئىنسانلار ھاياجانلىرىدىن، كۆرۈنىدىغان ۋە كۆرۈنمەيدىغان زەنجىر - كىشەنلەردىن، مۇتەئەسسىپ كۆزقاراشلىرىدىن، ئىدېئولوگىيىلىك ۋە شەيتانىي ئەسەبىيلىكلىرىدىن، بۇ يەردە ئاللاھقا ۋەدە بېرىپ پاكلىنىدۇ.

كەئبە ئىنسانىنى بەندىلەرگە قۇللۇق قىلىشتىن ئاللاھقا قۇللۇق قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئىنسانىنىڭ ئەركىنلىك ۋە بىخەتەرلىك مەسىلىلىرىگە كەسكىن بىر چارە كۆرستىدۇ. بۇ يولغا كىرگەن ئادەم ھەرگىزمۇ كەلگۈسى ئۈچۈن قايغۇرمايدۇ، ئۆتمۈشى ئۈچۈنمۇ ھەسرەتلەنمەيتتى. چۈنكى ئاللاھقا تەسلىم بولغان كىشى كۆڭلى يېرىم بولغۇدەك ھېچقانداق بىر ئىش قىلمىغىنىدەك، قايغۇرغۇدەك بىر ئاقىۋەتكە دۇچار بولمايدىغانلىقى

بىلەن خوش خەۋەر بېرىلىدۇ.

ھۆرىيەت ۋە بەختەرلىكتە ئوخشاش ئاساسى ئۇل قىممەتلەر ئەلۋەتتە نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرگە بىراقلا قارشى تۇرۇش ئارقىلىق قولغا كېلىشى مۇمكىن. بۇ ھەققەتەن قۇرئان، «ئاللاھ بەيتۇل ھەرەم بولغان كەئبىنى قىيام يېرى (ئىنسانلار ئۇچۇن تۇتقۇ) قىلدى.» دەپ تەكىتلەيدۇ.

بەختەرلىك يېرى بولغان كەئبە قىيام يېرىدۇر. باشتا ئىنسانىنىڭ پاسىسىپ بولغان مەن ـ مەنچىلىكى، ھاياجانلىرىغا، ئازدۇرغۇچى كەمچىلىكلىرىگە ۋە ئەسىر قىلغۇچى شەھۋەتلىرىگە قارشى تۇرۇش يېرىدۇر. بەيتۇل ھەرەم بارلىق شەيتانىي كۈچلەرگە، ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرىغا، زالىملارغا ۋە مۇتەھەممىلىرىگە قارشى تۇرىدىغان (قىيام) جايىدۇر.

بەيتۇل ھەرەم، ئىنسانغا «لا» (يوق) دېيىشنى ئۆگىتىدۇ.

تاغۇتقا باش كۆتۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىنى ئۆگىتىدۇ.

بۇتلارنى چېقىشنى، ئىبراھىمغا ئوخشاش ئاتەشكە ئۆز كۆڭلى بىلەن سەكرەشنى ئۆگىتىدۇ.

ئىسمائىلغا ئوخشاش قۇربان بولۇشنى ئۆگىتىدۇ.

ھەجەرگە ئوخشاش ئاللاھتىن رازى بولۇشنى ئۆگىتىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش، «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىر قولۇمغا قۇياشنى، باشقا بىر قولۇمغا ئاينى قويسىمۇ ئۆز داۋايىم (دەۋىتىم) دىن قايتمايمەن.» دېيىشنى ئۆگىتىدۇ.

## 20. ھەجرۇل ئەسۋەد

كەئبە دېسەك، ھەج دېسەك تۇنجى بولۇپ ئەقلىمىزگە كېلىدىغىنى ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنامىمىزدۇر. دېمەك ھەجنىڭ سىرىمۇ دەل مۇشۇ يەردە. ھەج ئىبادىتىنىڭ غايىسىمۇ بۇنىڭدىدۇر. ھەجرۇل ئەسۋەد، دەل مۇشۇ ئەھدىنامىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ھەجرۇل ئەسۋەد بىر تاشتۇر. ھەزرىتى ئىبراھىم بۇ تاشنى تاۋاپ باشلىغاندا بەلگە بولۇپ قالسۇن دېگەن مەقسەتتە كەئبىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئورنىتىپ قويغان ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ تاش ئاپئاق بىر تاش بولۇپ، بۇ رايوندىكى بارلىق تاشلار قاپ-قارا ماگما تاشلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردىكى ياشىغان خەلقلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ھەجرۇل ئەسۋەد تەبىئەتنىڭ سىرتىدىن كەلگەن ئالاھىدە خاسلىققا ئىگە تاش دەپ قارالغانىكەن. ھەتتا بىزنىلەر ئۇنى جەننەتتىن كەلگەن تاش دەپمۇ ئىشىنەتتى. بۇ چۈشەنچە، بەلكىم بىرئاز بولسىمۇ ئۇ تاشنىڭ يەرشارىغا ئائىت ئەمەس دەپ قوبۇل قىلىنغانلىقىدىن بولسا كېرەك. خەلقنىڭ تەسەۋۋۇرى چۈشكەن بىر «پەلەك تېشى/ مېتېئورىت» بولۇش ئېھتىماللىقىنى كۈچەيتىپ بېرىدۇ. ھەجرۇل ئەسۋەدنىڭ بۇ دۇنياغا تەۋە ئەمەسلىكىنى قەيت قىلغان سەۋەب پەقەت مۇشۇلا بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنىڭ رايونىنىڭ قىيا تاشلىق يەر بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئەكسى ھالدا ئاپئاق بىر مېتېئورىت تاش ئىكەنلىكىنى توغرا دەپ قارىساق، قانداقسىگە مۇنچە قارىداپ كەتكەندۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى بەكمۇ قايىل قىلارلىق ئىدى: مۇشرىكلەر، بۇتلىرى ئۈچۈن

قىلغـان قۇربانلىقلىرىنىـڭ قېنىنــى بەرىكەت مەقسىتى بىلەن بــۇ تاشــقا ســۈرتۈۋېرىپ مۇشۇنداق قاپ ـ قارا قىلىپ قويغان ئىكەن.

رەســۇلۇللاھ تاشــنى ۋەدا ھەجــدە ســۆيگەن ئــدى. ئــبنى ھۇزەيمەنىڭ ئــبنى ئۆمەردىن نەقىل قىلغان رىۋايەت مۇنداق ئىدى: «**رەسۇلۇللاھ ۋەدا ھەجدە ئاۋۋال تاشقا سالام بەردى، ئاندىن لەۋلىرىنى تاشقا ياقتى، ئۇزۇن ئۇزۇن ياش تۆكـتى.**» ئۇنىـڭ بـۇ قىلغىنــى، ھەجرۇل ئەســۋەدنىڭ ھەزرىتى ئىبراھىمــدىن كېيىــن قالغــان بىرقانچە خاتىرىلەرنىڭ بىرىنچىسى بولغانلىقىدىن بولۇشىمۇ ئېھتىمالدۇر. ئۆمەر رەزىياللاھۇ ئەنھۇمۇ رەسـۇلۇللاھنىڭ بـۇ قىلغـانلىرىنى قىلماقچى بولغـان ھالـدا بىـر ھەج ۋاقتىـدا، ھەجرۇل ئەسـۋەدنى سـۆيىدۇ ۋە مۇنـداق دەيـدۇ: «**شـۇنى ئوبـدان بىلىمەنكى سەن پەقەت بىـر تاشسەن، يـا زىيـان سالالايسەن ۋە يـا پايـدا، ئەگەر رەسـۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سېنى سۆيگەنلىكىنى كۆرمىگىنىمدە ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئەسـلا سـېنى سۆيمەس ئىدىم.**»

كەئبە ئــبراھىم ئەلەيھىســسالامنىڭ ئاللاھقــا دوســتلۇقىنى ئىســپاتلىغان بىــر پەيغەمبەرلىكىدىن كۆنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسلى كەئبە خاتىرىسى بولغان ھەجرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈش، يەنى بىر مەنىدە بەيتۇللانى بىنا قىلغـان قولغا سـۆيۈش دېمەكتۇر. بۇ رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىدى. بىزلەر ئۈچۈن بۇنىڭ مەنىسى تېخىمۇ باشقىچە. ئۇ بولسىمۇ: ھەجرۇل ئەسۋەد بىلەن ئۇچراشقان ھەر ئېغىز، بىر مەنىـدە رەسـۇلۇللاھنىڭ لەۋلىرىنىڭ قالــــدۇرغان ئىزىنــــى ئىزدىگەنلىكتۇر. ئــــۆز لەۋلىرىنى ســــۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ قۇتلۇق لەۋ ئىزى بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بـولغىلى بولمايدىغان خۇشاللىقا چۆمۈلۈش، دېمەكتۇر.

ھەجرۇل ئەسۋەد، كەئبەنىڭ بۇلۇڭىغا ئورۇنلاشـتۇرۇلغان كـۆپ قۇتۇپلـۇق ئاشقىنىڭ بىــر كامېراسىدۇر. بـۇ كـامېرا پەقەتلا بەدەنلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنىلا ئەمەس، يۈرەكلەرنى

ۋە زىھنلەرنىمۇ كۆزىتىپ خاتىرە قالدۇرماقتا، خاتىرلىمەكتىدۇر. چۈنكى ئىغىزلار ئېتىلىپ، قول ۋە پۇت شاھىتلىق قىلىدىغان ئادالەت كۈنىدە، مەھشەردە رەپىتىس قىلىش ئۈچۈن ئاللانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋاستىسى بىلەن قىلىنغان چاقىرىققا، ئاۋاز قوشقان يۈرەكلەر بىلەن شاھىتلىق قىلغانلىقتۇر.

رەسۇلۇللاھنىڭ ھەجرۇل ئەسۋەدكە قىلغان مۇئامىلىسى بىلەن بىر جاھىلىيەت ئىنسانىنىڭ ئۆزىنىڭ يالغان ئىلاھىغا قىلغان مۇئامىلىسى ئوتتۇرىسىدا ھەم سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئاسمان بىلەن يەر پەرق باردۇر.

ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ ھەجرۇل ئەسۋەدكە تۇتقان مۇئامىلىسى نەرسىلەرنى جانلىق ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى بار بولغان مەخلۇق قاتارىدا كۆرۈش ھەرىكىتىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوھود ئۈچۈن **«ئوھود بىزنى ياخشى كۆرىدۇ، بىزمۇ ئوھودنى ياخشى كۆرىمىز»** (بۇخارى رىۋايىتى) دېيىشى ئۇنىڭ ئەشياغا بولغان تونۇش ۋە بىلىشىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئىكەنلىكىنىڭ بىر مىسالىدۇر.

يەنە رىۋايەتلەردىن بىلەلەيمىزكى، ئۇ بىر تاغقا چىققىنىدا تاغ شاھىت بولسۇن دېگەن مەقسەتتە ئىككى رەكەت شاھادەت نامىزى قىلاتتى. بىر كۈنى يامغۇر ياغقاندا كىيىملىرىنى يامغۇرغا يايغىنىدا نېمە ئىش قىلغانلىقىنى سورىغان ساھابىلىرىگە بەرگەن جاۋابىمۇ ئۇ جەھەتتىن بەكمۇ مەنالىق ئىدى: **«ئۇنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئەھدىنامىسى بىزنىڭكىدىن تېخىمۇ بەك كۈچكە ئىگە.»** (ئەبۇ داۋۇت)

«ئاللاھ بىلەن ئەھدىلەشمەك» . . .

ھەجرۇل ئەسۋەد دەل مۇشۇ ئەھدىنامىگە مىسال بولىدۇ. ئىنسان ئاللاھقا بەرگەن پىترى ئەھدىنامىسىگە خىلاپلىق قىلغانمىش ۋە ئاللانىڭ ئەھدىنامىنى يېڭىلاش چاقىرىقىنى بىر پۇرسەت بىلىپ، كېپەنلىكىنى ئۈستىگە ئارتىپ، بېشى ئوچۇق يالاڭ ئاياغ ھۇزۇرىغا كەلمىش، ئالدى بىلەن ئىرپانىنى ئاندىن كېيىن ئىگىنى يېڭىلاپتىمىش.

يەنە تېخى دۈشمىنىگە جەڭ ئېلان قىلىپ، ئاللاھقا بولغان تەسلىمىيىتىنى ھۆججەتلەر بىلەن ئىسپاتلاپتىمىش. ھازىر بولسا ئاللانىڭ ئۆيىگە يەنى ھۆرلۈك ۋە ئەمىنلىك يۇرتىغا كېلىپ، ئاللاھ بىلەن يېڭىدىن ئەھدىنامە تۈزۈشمەكتىدۇر. تاۋاپقا ئوخشاش بىر ئاشىق چۆرگىلىشى ئەسناسىدا ئەمەلگە ئاشقان بۇ ئەھدىنامىگە يۈرەك ئىمزا قويغان بولىدۇ بەلكى تاۋاپمۇ، بۇ ئىمزانىڭ دەل ئۆزىدۇر.

* * *

مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ ۋەدىلەشمىنىڭ ئارقىسىدىن، سۈرە بەقەرەنىڭ 125 ـ ئايىتىدە:

**«كىشىلەرگە ماقامى نامازگاھ قىلىڭلار. (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار) دېيىلىدۇ.»**

دېگەن بىر ئايەتنىڭ بىر تەرەپلىك يېشىمىگە ئاساسلىنىپ ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ پەلەمپەي تېشى دەپ بىلىنگەن خاتىرىنىڭ ئالدىدا ئىككى رەكەت ناماز قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئىنسانلارغا ئەرزىيەت يەتكۈزۈش، ئاللاھ بىلەن يېڭى ئەھدىنامە تۈزۈشكەن بىر مۆئمىنگە ھېچ ياراشمايدىغان ئىشتۇر. بۇ، ئۆزىنىڭ نەپلە ئىبادىتى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ پەرزىنى پىدا قىلغان خاتا بىر ھەرىكەتتۇر.

## 21. تاۋاپ

« يېنىپ تۇرىمەن،

چۆرگىلەپ تۇرىمەن،

قالماس غۇرۇرۇم،

پەرۋانىمۇ مەن؟»

نەدىن كەلگەنلىكى بىلىنمەيدۇ. قانداق كەلدى دەپ ھېچ سورىمايمىز. چۈنكى، ئاشىققا يول توشۇمايدۇ. ئۇنىڭ ئاشىقىغا بولغان ئاشىقى تىللارغا داستاندۇر. دائىم ئاشىقىغا تەلپۈنىدۇ. شۇنى بىلىدۇكى ئاشىقىنىڭ مەشۇقى بارلىقىنى (اللەنى دېمەكچى-ت). ئۇنىڭ ئىشققا بولغان ئاشىقى ئۇنى ئىشقىنىڭ مەركىزىگە تارتىدۇ.

كىچىك پارلاق قاناتلىرى بىلەن لامپىنىڭ ئەتراپىغا ئۇرۇلىدۇ. سالاملىغاندەك قىلىپ ئالدى بىلەن بىر تېگىدۇ ۋە ئىشقىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىشنى باشلاپ كېتىدۇ. دەسلەپتە ئاستا- ئاستا، ئارقىدىن كېيىن سۈرئەت تىزلىشىدۇ، تىزلىشىدۇ. باشقا ھېچكىم ئۇنى تۇتۇۋالالمايدۇ. كۆزمۇ ناھايىتى تەسلىكتە ئۇنى پەرق ئېتەلىگۈدەك ھالغا كېلىدۇ. تاۋېپىنى قاچان تۈگىتەر دەپ ساقلاپ تۇرغىنىڭىزدا، تۇيۇقسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىنى لامپىنىڭ ئىچىگە ئاتىدۇ. باشتا بىلىپ - بىلمەيدىغان بىر «چىس» دېگەن ئاۋاز قۇلاققا كىرىدۇ. ئارقىدىن بىر ئوت يېنىپ ئۆچىدۇ. كىچىككىنە تۇرۇپ ئىشققا كىرىپ

كەتكەن پەرۋانە، ئەمدى تامامەن ئىشققا ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. يەنى ئاشىق ئىشققا ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ بىر پەرۋانىنىڭ نۇرغا بولغان ئاشىقنىڭ دراماتىك بىر ھېكايىسىدۇر.

سېنى بىر پەرۋانە دەپ تەسەۋۋۇر قىلايلى.

بىر پەرۋانىنىڭ ئاشىقى بولغان ئوت ئالدىغا كېلىپ تۇرغىنىغا ئوخشاش كەئبىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرىسەن. بىردەمدىن كېيىن ئوكيانلارغا سىڭىپ كېتىشى ئۈچۈن ئايلىنىشقا قېتىلىپ كېتىسەن. نەپسىڭنى تۇتۇپ بىرئاز ساقلايسەن. ئالدى بىلەن ھەجرۇل ئەسۋەدكە بىر قول پۇلاڭلىتىسەن. چۈنكى خاتىرىگە خاتىرلىنىشنى ئويلايسەن. «مەنمۇ بۇ يەردىمەن» دېگەندەك بىر مەنىنى ئىپادىلىگەندەك قىلىسەن. « مانا قارا كەلدىم، بىر تامچە ئىدىم ئوكيانۇس بولۇشقا كەلدىم.» دېگەندەك بىر ئىش قىلغاندەك بولىسەن....

«بىسمىللاھى ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بۇ ئوكيانۇس دولقۇنلىرىغا تەكرار قېتىلىپ كېتىسەن. بىلگىنكى سەن ئەمدى بۇرۇنقىدەك بىر تامچە ئەمەسسەن.

بەلكى بىر دېڭىز،

بىر ئوكيانۇسنىڭ ئىچىدىسەن.

ئالەمشۇمۇل ئومۇمىي خوردا سېنىڭمۇ ئاۋازىڭ جاراڭلايدۇ بۇندا

ئالەمشۇمۇل مىلودىيىنى سەنمۇ ئۆز تىلىڭدا ئىپتىقان بولدۇڭ مانا.

ئاسمان ۋە زېمىننىڭ دوستى بولۇپ كېتىسەن. بۇ ئاز بىر نەرسىمۇ؟ ھەممىدىنمۇ بەكرەكى سېنى ۋە ئۇلارنى ياراتقان ئاللانىڭ دوستى بولىسەن.

**«يەتتە ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار ئاللاھنى پاك دەپ بىلىدۇ. (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن. ئاللاھنى پاك دەپ مەدھىيەلەيدۇ. »** (سۈرە ئىسرا 44 ـ ئايەت)

دېگەن ئايەتنى ئوقۇساڭ يۈرىكىڭگە بىر خەنجەر ئۇرۇلىدۇ. ئايەت ئاستا ئاسمان-زېمىن ئۈزۈ تىلىدە ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقان يەردە ئەي سەن، سەن نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ سەن قەيەردە سەن؟ سەن نېمىشقا يات ۋە يىراقلاشتىڭ؟ ئاسمان-زېمىننىڭ ئالەمشۇمۇل خورىغا قاچان قېتىلىسەن؟» دېمەسمۇ ساڭا؟

ئەمدى، ئىچىڭنىڭ بىر يەرلىرىدىن كەلگەن ئاۋازسىز بىر چۇقانى بار كۈچۈڭ بىلەن توۋلىساڭ بولىدۇ: «ئاللاھۇ ئەكبەر، مانا مەنمۇ كەلدىم! سىلەر بىلەن ئەينى خورغا قېتىلىشقا كەلدىم. ئوخشاش مېلودىيىگە قېتىلىشقا كەلدىم.» دېسەڭ بولىدۇ

كەئبىنى يۈرىكىڭ بار تەرەپكە ئالسەن يەنە بېشىغا قايتايلى

سەن ئېلېكترون سەن كەئبە يادرو، سەن بولساڭ قان، كەئبە بولسا قەلب.

سەن بولساڭ ئاي  كەئبە بولسا يەرشارى

سەن يەر شارىسەن كەئبە بولسا قۇياش.

سەن قۇياشسەن كەئبە بولسا.

قۇياشنى ئەتراپىدا چۆرگىلەتكەن بىر پىلانىت...

تۇختاپ قالما، ئاشىقلار پەقەت توختاپ قالمايدۇ. ئاشىقنىڭ ۋاقتى سائىتى يوق، تاۋاپىنىڭمۇ. ئاشىق مۇددەتسىز، ئاشىقتا تويغىلى بولمايدۇ، تاۋاپقىمۇ ھەم...  سەن بىر پەرۋانىسەن، ئىشىق ئوتىدا كۆيگىلى كەلدىڭ. ئاشىقتەك ئۆيلان، ئاشىقتەك تىڭشا. قويۇۋەت ئاقىللار ئۆز ئەقلىنىڭ پېشىدە بولسۇن. سەن ئاشىقسەن، ئاشىقىڭنىڭ پېشىگە چۈش، قورقمىغىن ئاشىقلار ئوت ئەتراپىدا پەرۋانە بىراق ئاشىقلار كۆيۈپ يوق بولمايدۇ.

ئەگەر ئاشىق بولساڭ يارىڭغا

چۈشكىن ئىبراھىمنىڭ ئاتەش باغىغا.

ھەرگىز ئالدانما يالغان يارغا

ئوت گۈلشەنىدە كۆل بولىدىغانلىقىڭغا.

ياكى، بىر ئاشىق ئادىمى بولغان سەييىد نىزام ئوغلىدەك، يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان شۇ مىسرالارنى تەكرارلا:

رەببىم بەرگىن ئاشىقلىقنى ماڭا، پەرۋانەڭ بولاي سېنىڭ.
بۇلبۇلدەك ئاشىق بوپ جامالىڭغا، كۈيلۈگۈچىڭ بولاي سېنىڭ.
كۆيدۈر مېنى كۆيدۈر مېنى، ئاشىق شەربىتىگە قاندۇر مېنى،
مەست قىلىپ چۆرگىلەت مېنى، مەستانەڭ بولاي سېنىڭ.
ئالغىن، مەندە مەنلىك قالمىسۇن، ھېچكىم ھالىمنى بىلمىسۇن
نام- نىشانىم قالمىسۇن، پىنھانىڭ بولاي سېنىڭ.
بۇ جان قۇشۇڭ ساڭا ئۇچار، ئاشىق شارابىنى ماڭا ئىچۈر،
بۇ تاجى - تونىدىن ۋاز كەچتۇر، يالىڭچىڭ بولاي سېنىڭ.
سەييىد نىزام ئوغلى خوجام، ئايرىمىغىن ئۆزۈڭدىن مېنى،
ئەگەر قان يىغلىسا بۇ كۆزۈم، غېرىبانىڭ بولاي سېنىڭ.

سەن چۆرگىلە، ئەمما يۈرىكىڭ سۈكۈت ئىچىدە قالسۇن. ئەسلى پالاكەت بولسا، سېنىڭ جىم تۇرۇشۇڭ يۈرىكىڭنىڭ بولسا ئايلىنىشىدۇر.

ئاراپاتتا مەرىپەتكە ئېرىشىپ كۆز ياشلىرىڭ بىلەن يۇيۇپ تازىلىغان يۈرەك ئەينىكىڭنى كەبىگە توغرىلا. يۈرىكىڭ ئۇ يەردىن ئالغان يورۇقلۇقنى ئايدەك قەلبىڭنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە ئەكس ئەتتۈرسۇن. سەن بۇ نۇر شولىسىنىڭ پېشىگە ئېسىلغىن. يۈرىكىڭگە توغرا بىر سەپەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەيلى نىمىلا قىلساڭ ئەمدى يوق بولۇپ، پارغا ئايلىنىپ كېتىش خەتىرىڭ يوق. چۈنكى سەن بۇندىن كېيىن ئاسانلا قۇرۇپ پارغا ئايلىنىپ كېتىدىغان بىر تامچە ئەمەس سۇ ئەمەس بەلكى

ئوكيانۇس ـ سەن. ئايلىنىپ كىرگەن يولۇڭنى كىممۇ ئېزىقتۇرالايدۇ؟

كۆزلەرگە ئەمەس كۆڭۈللەرگە قارا. يۈرىكىڭنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئۇنى تاپىسەن. ساڭا جان تومۇرۇڭدىن يېقىن بولغاننى تاپىسەن.

ئۇنىڭغا شۇ قەدەر ۋارقىراپ ـ جارقىراپ دۇئا قىلاتتىڭ. زىيىنى يوق، كۆردۈڭ ئۇنىڭ ساڭا يېقىن تومۇرىدىن يېقىن بولغىنىنى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋارقىراپ ـ جارقىراشقا كېرەك يوق. بولۇپمۇ ئىنسان دېڭىزىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى گۈرۈلدىگەن ئاۋازىنى بۇزىدىغان قوپال ئاۋازلاردىن يىراق تۇرۇشۇڭ كېرەك.

پەرىشان بىر ئۈچىنچى بىر پۈتبول ئەترىتى كەبى تېرىنىرلار يېتەكچىلىكىدە خور تۈۋۈلاپ ئاۋاپ قىلىش نازاكەتسىزلىكىگە كىرمە. ئۇ يەر تەنتەربىيە مەيدانى ئەمەس، ئاللانىڭ ئۆيى. ئايرىم بىر خور تووۋلىشىڭغا، گۇرۇپپا قورۇشۇڭغا، بىر ئېيوت كەبى ئوچۇقتا قىلىپ سەلگە قېتىلماسلىقتا چىڭ تۇرۇۋېلىشىڭغا بولمايدۇ. قويۇپ بەر ئۆزۈڭنى بۇ دېڭىزنىڭ رىتىملىق دولقۇنلىرىغا. ئۇلار سېنى نەگە ئاپىرىدىغانلىقنى بىلىدۇ.

يۈرىكىڭ پەقەت توختاپ قالمىسۇن. لەۋلىرىڭ قىمىرلاپ قويسىمۇ بولىدۇ، قىمىرلىمىسىمۇ ھەم. ئەمما دائىم تىلىگىن، يالۋۇرغان، ئىڭىلدىغان، يۈرىكىڭ ئېچىشقان، سېغىنغان، ھەمدە ئېيتقان، سانا ئېيتقان، زىكىر قىلغان، پىكىر قىلغان، شۈكۈر ئېيتقان، تەۋبە قىلغان، دۇئا قىلغان بولۇشۇڭ كېرەك.

قانچىلىك تىلىيەلىسەڭ شۇنچىلىك تىلە. ئۇنتۇما، دېڭىزغا شۇڭغۇدۇڭ قانچىلىك تولدۇرالىساڭ شۇنچىلىكنى ئالىسەن. يۈرىكىڭنىڭ ئېغىزىنى ئوچۇق تۇت. يۈرىكىڭنى تىلەشتىن ئىبارەت مۈشكۈلچىلىك ئۈلۈقنىڭ ئاستىغا قوي، ئەمما يۈرىكىڭنىڭ تېگى تۆشۈك بولۇپ قالمىسۇن.

بىر...ئىككى....ئۈچ.

تولۇق يەتتە قېتىم ئايلىنىسەن. ئېسىڭدە تۇت، يەتتە بولسا دېگەنلىك

مەڭگۈلۈكنى، داۋاملىششىنى ئىپادىلەيدۇ. قارا، مۇھەببەت «مەڭگۈلۈك» ئىدى؟ بۇنىڭ سىرى دەل دىن ئىبارەت بۇنى ياخشى ئەسلىگىن، شەيتانغا قارشى قىلغان جىڭگىدە ئاتقان ئوقلىرىڭمۇ سىرى مۇشۇ. 70 تال ئوقنى تەشكىل قىلغان 7 تانە ئوقتىن ئىبارەت 7 دانە ئىدى. بۇ دىگەنلىك باتىلغا قارشى جەڭ قانچە مۇددەت داۋام قىلسا، ھەققە بولغان ئاشىقىڭمۇ شۇ قەدەر داۋام قىلار، دىگەنلىكتۇر. بۇ يەنە شۇنداق دىگەنلىككى جەڭمۇ، ئاشىقمۇ تائەبەتتۇر.

ئۆزۈڭگە بىر سىستېما لايىھىلىسەڭ بولىدۇ. بىرىنچى ئايلىنىشنى تەكبىر بىلەن، ئىككىنچى ئايلىنىشنى ھەمدە بىلەن، ئۈچىنچى ئايلىنىشنى ئاللانىڭ گۈزەل ئىسمى ۋە سۈپىتى بىلەن، تۆتىنچى ئايلىنىشنى دۇئا بىلەن، بەشىنچى ئايلىنىشنى تەسبىھلەر بىلەن، ئالتىنچى ئايلىنىشنى تۆۋبە-ئىستىغفار بىلەن، يەتتىنچى ئايلىنىشنى تەپەككۇر بىلەن قىممەتلەندۈرسەڭ بولىدۇ.

تاۋاپ خۇددى نامازغا ئوخشايدۇ. بۇ سەۋەبتىن ھەج پائالىيەتلىرى ئىچىدە تاھارەت ئېلىش شەرتى پەقەت تاۋاپ ئۈچۈنلا شەرتتۇر.

تاۋاپمۇ نامازغا ئوخشاش مىراجدۇر. تاۋاپمۇ نامازدەك بىر ئەھدىنامە يېڭىلاشتۇر 360 گىرادۇسلۇق ھەر ئايلىنىش بىر شاۋتتۇر. 7 شاۋت (ئايلىنىش) تىن كېيىن ئەھدىنامىڭىزنى يېڭىلىغان ۋە ئاشىقىڭىزنى ئاللاھقا سۇنۇش ئۈچۈن ئىبراھىمنىڭ رەببىگە يۈزلەن ۋە ئىككى رەكەت ناماز قىلغىن.

ئەمدى يەر يۈزىگە قايتقاندىن كېيىن نېمە قىلىسەن، ئۇنىڭ تەلىماتى بىلەن مەھشەرنىڭ ئايلىنىشى تۈگەيدۇ.

شۇنداق، ئەھدەڭنى ئورۇنداشتا سەرپ قىلىدىغان تىرىشچانلىقىڭ مۇھىمدۇر. غەيرەت قىلمىساڭ سائادەتنى ئېرىشىش ھەققىگە نائىل بولالمايسەن. ئۇنداق ئىكەن يۈر، ھازىر ھاجەر بول ۋە ئىشلەشنىڭ بەختلىك نەتىجىسىنى كۆر. ئۇنتۇما «تاغلارنى

ئۆرۈگەن يىگىتلەرنىڭ غەيرەتلىرىدۇر.» ئالدىڭدا ئۆرۈلۈشنى ساقلاۋاتقان تاغ كەبى توسۇقلار بار.

شىرىنىڭ تاغلارنىڭ ئارقىسىدا ئۇنداقتا تۇرما. سەن پەرھات سەن.

گۈرجەكنى ئۇرما، يۈرەكنى ئۇر. دەۋرىنىڭ تاغدەك توسۇقلىرىغا.

سەن تېشىدىغان تاغلارنىڭ يېنىدا، پەرھاتنىڭ تەشكەن تېغى تاغمۇ؟ گۈرجەكنى ئەمەس يۈرەكنى ئۇر!

## 22. سەيئى

سىز بىر ھەجەردۇرسىز
مىنگەن ئېتىڭىز ھىجرەت
تەبئىتىڭىز تەسلىمىيەت
كىملىكىڭىز ئىنسان
سۆيىتىڭىز شەپقەت، مەرھەمەت ۋە مۇھەببەت
ۋەزىپىڭىز سەيئى، غەيرەت

مەلۇم بىر نىشانغا يېتىش ئۈچۈن كىشىنىڭ بار كۈچىنى سەرپ قىلىشى «سەيئى» دېيىلىدۇ، يەنى تىرىشىپ تىرماشماق. قۇرئاننىڭ شۇ ئايىتىمۇ بۇ مەنىسى بىلەن قوللىنىلىدۇ:

**«ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ.»**
(سۈرە نەجىم 39. ئايەت)

بۇ ئايەتنىڭ بىرگە بىلدۈرمەكچى بولغان مەنىسى ئېنىق: «مۇسۇلمان ئۈچۈن» ئەمەس «ئىنسان ئۈچۈن». ئايەتتە مەقسەتكە يېتىشتە بەلگىلىنىدىغان ئۆلچەم قىلىپ دىنى كىملىكنى ئەمەس بەلكى «ئىشلەش» ئېلىنغان.
قۇرئان ئاددىي ۋە ئوچۇق قىلىپ: ئىشلىگەن قازىنىدۇ، ياتقان ئۇتتۇرۇۋېتىدۇ،

دېگەن قائىدىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان.

بۇ ئاددىي قائىدىگە قارىغاندا، ئەقىللىق ئادەمنىڭ قاراشقا تېگىشلىك يېرى نەتىجە ئەمەس، مەقسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەلىدۇر. سەن بەدەل تۆلە قالغىنىنى ئاللاھقا قوي، ئاللاھتا «ئېلىشلىك بولۇپ قالسۇن»، مۇتلەق بىر كۈن كېلىدۇ ساڭا تۆلۈقى بىلەن قايتۇرىلىدۇ. ھاجەرنىڭ بەرمەكچى بولغان خەۋىرى بۇ ئىدى.

ھىجرەتنىڭ كېلىنى ھاجەر، خوجايىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن بىر ئىشارەت بىلەن كەلتۈرۈلۈپ، ئادەمزات ئاياق باسمايدىغان قاقاس ۋادىغا ئۆزىگە ئوخشاش يالغۇزلۇقنىڭ سىمۋولى بولغان سارخا دەرىخىنىڭ تېگىگە تاشلاپ قويۇپ كېتىلدى. بىر تۇلۇم سۇ ۋە بىر سەپەرلىك نان: بارىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ. يەنە تېخى ھازىرمۇ سۈت ئېمىۋاتقان بوۋىقى بىلەن سۇ ئىچىلىدۇ، نان يېيىلىدۇ. ھاجەر ھەر ئانا كەبى، جان ئەمەس جانان دەردىدە ئىدى. ئۇ بۇ ھالى بىلەن بىر جامائەتكە ئانا بولۇش (ئىمام) ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئانىسى بولغان جامائەت بولۇشنىڭ (ئۇممەت) يوللىرىنى مەنىۋى نەسلىدىن كېلىدىغان ئەۋلادلىرىغا ئۆگەتمەكتە ئىدى.

مەريەم ئۈچۈن زەكەرىيانىڭ رولى نېمە بولسا ئىسمائىل ئۈچۈنمۇ ھاجەرنىڭ رولى ئۇ ئىدى. يەنى باغۋەن بولماق. كۆچەت تىكمەك، ئۇنى سۇغارماق ۋە مېۋىلىرىنى كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن سۇنماق. زەكەرىيا ئۆزى باغۋەن بولغان باغچىنىڭ مېۋىسى بولغان ئەيسانى كۆردى. بۇ بىر باغۋەن ئۈچۈن تولىمۇ ئاز تېپىلىدىغان بىر نېسىۋىدۇر. ئەپسۇس ھاجەر سۇغارغان كۆچەتلىرىنىڭ مېۋىسىنى كۆرەلمىدى. ئۇ مېۋە تولىمۇ يىراقتا ئىدى. يىراق، لېكىن ئۇزاقلىقىغا قارىغاندا ئالاھىدە قالتىس ۋە مۆھتەرەم بولغان يىراقتىكى بىر مېۋە ئىدى. ئۇ مېۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىدى. تەۋراتمۇ ئۇنى ئىسمائىلنىڭ مېۋىسى دەپ يۈز يىللار بۇرۇن خۇشخەۋەر بەرمىگەنمىدى؟

شۇنداق، سۇغارغان كۆچەتنىڭ مېۋىسىنى بەزىدە زەكەرىياغا ئوخشاش يېيەلىشىمىز،

بەزىدە ھەجەرگە ئوخشاش ھېچ يېيەلمەسلىكىمىزمۇ مۇمكىن. بۇنىڭغۇ مەيلى دەيلى. سىز سۇغۇرۇشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇڭ. ئۇنتۇماڭكى، قانچىلىك كۆپ مېھنەت قىلسىڭىز، دەرەخ شۇنچىلىك قويۇق ۋە كاتتا دەرەخ بولىدۇ ۋە ئۆمرىمۇ شۇنچىلىك ئۇزۇن بولىدۇ.

ھاجەر ئانا ئۆزىگە ئوخشاش كۆيۈك تەنلىك، يالىڭاچ قىيا تاشلىق سافا تۆپىلىكى بىلەن ۋادىنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرغان مەرۋە تۆپىلىكى ئارىسىدا تۇقۇمچىنىڭ موكىسىدەك تېپىرلاپ سۇ ئىزدەيتتى. ۋادىنىڭ تومۇز ئىسسىقىدا ئىككى جاننىڭ ھاياتى سۇغىلا باغلىق ئىدى.

چۆل ۋە سۇ. چۆل «ھايات» لىققا ۋەكىللىك قىلىدۇ. سۇ بولسا «ئىمان» غا.

ئىمانغا، يەنى چىدامىلىقلىققا، ئۈمىدكە ۋە ھىممەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ھايات چۆلدەك ۋەھشىي، چۆلدەك قاتتىق قۇراللىرى بولغان بىر تەبىئىي ھەقىقەت ئىمان بولسا سۇغا ئوخشاش ھايات بېغىشلىغۇچى، سۇغا ئوخشاش ئۈمىد بەرگۈچى، سۇغا ئوخشاش بولمىسا بولمايدىغان بىر تولۇپ تاشقان ھەقىقەت ئىدى. چۆلگە ئايلانغان بىر يۈرەكنى ياشارتىدىغان يېگانە ئابىھايات ئىماندىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

چۆل ۋە سۇ، يۈرەك ۋە ئىمان. ھايات بۇلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئۈچرىشىشىغا باغلىنىشلىق ئىدى. بىرىنچىلىرى فىزىكى ۋە ۋاقىتلىق ھاياتنى، ئىككىنچىلىرى مەنىۋى ۋە مەڭگۈلۈك ھاياتقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئۇچرىشىش ئۈچۈن بىر شەرت بار. بۇ شەرتلەرنىڭ ئىپتىنى شىھىتلارنىڭ ئەپەندىسى ھۈسەيىن مۇنداق ئىپادىلىگەن ئىدى:

**«ھايات ئىمان ۋە جىھادتۇر»**

شۇنداق، جىھاد، سۈنى تېپىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغانلارنىڭ ئىسمىدۇر. مەقسىتى، ئۇسۇلى ۋە نىيىتى توغرا بولغان ھەر شەيئىمۇ بىر «جىھاد» ئەمەسمىدى

ئەسلىدە؟

ھاجەر ئانىمىزنىڭ قىلغىنىمۇ دەل بۇ ئىدى.

سەيئى، زەڭگى بىر جارىيەنىڭ، ئىنسانىيەتكە بەرگەن نەسىللىك بىر دەرسىدۇر. ئۇنىڭ جىھادىنى قوبۇل قىلغان ئاللاھ، قىيامەتكىچە كېلىدىغان كېيىنكى نەسىللەرگە ھاجەرنى ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتكەندۇر ۋە ئەگەشتۈرگەندۇر.

ھاجەر كىم؟

بىر ئايال. بىر زەڭگى. بىر قۇل.

ئەي ئەركەكلىكى بىلەن مەيدىسىگە مۇشتلاپ يۈگەن سەن! ئەي ئۆزىنى ھۆر ھېسابلىغان سەن! ئەي غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنى ئىشلەشتە ئەمەس دەخلى بولمىغان، ئۆزى تاللىمىغان جىنسىيەت، ئىرق، رەڭ، نەسەب، فىزىكى قۇرۇلمىسى، جۇغراپىيە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش غەيرىي نەرسىلەردىن تەلەپ قىلغۇچى سەن.!

خاتا ئىش قىلىۋاتىسەن. ئۆز جاھىللىقىڭغا قۇربان بولۇۋاتىسەن. توغرىلىقنىڭ كويىدا بولساڭ، ئاللاھنى مۇشۇنداقلا رازى قىلىپ، ئۆلمەسلەر قاتارىغا كىرگەن شۇ قۇلدىن، شۇ قارا تەنلىكتىن، شۇ ئايالدىن يەنى ھاجەردىن ئۆگەنسەڭ بولىدۇ.

ھاجەرنىڭ بىزگە تىكلەپ بەرگەن ئۈلگىسىگە قارا ۋە زامانغا قارشى تىك تۇرغان ھەقىقىي قىممەتلەرگە قارا. ساختا قىممەتلەرنىڭ ئارقىدا يۈرگەنلەر زامان تۈگمىنىدە ئۇن بولۇپ توزۇپ كېتىدۇ.

ھاجەرگە قارا. ئاللانىڭ قارا دېگەن يېرىدىن قارا ۋە ئۇنىڭ قارىغان يېرىنى ئۇبدان بىلىۋال. ئاللاھ نىقابىڭغا، دۇنياغا كېلىش بىلەن سەندە بولغان بەزى ئالاھىدىلىكلىرىڭگە، يەنە پەخىرلىنىشىڭ مەنتىقىگە سىغمايدىغان ئالاھىدىلىكلەر، زىننەتلىرىڭگە قارىمايدۇ.

ھاجەرگە قاراپ ھۆرىيەتنىڭ نېمىلىكىنى ئۆگەن. ھەقىقىي ئەركىنلىك، چۆلدە سۇ

بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ تەبىئەتنىڭ قاتتىق توسۇقلىرىنى ئىمان، ئاشىق ۋە جىھاد بىلەن بويسۇندۇرۇشتۇر. ھەقىقىي ھۆرىيەتكە ئېرىشىشنى تەلەپ قىلغانلار ئۈچۈن «ئىمكانسىزلىق» يوقتۇر. ھەقىقىي ھۆرىيەتكە ئېرىشكەن، ماددىغا تەسلىم بولۇپ قالمايدۇ. ئىبراھىمغا ئوخشاش، ھاجەرگە ئوخشاش، ماددىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ. چۈنكى، ھۆرىيەت «قايمۇقتۇرۇش» نىڭ سىرىنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر؛ ماددىنىڭ ئىنسان ئەمرىگە بويسۇندۇرۇلغانلىق ھەقىقىتىنى، ياخشى باشقۇرغۇچى بولساڭ قۇلۇڭدىكى خىزمەتچى ۋەزىپىسىنى ئوبدان بىلىدۇ.

ھۆرىيەتنى ھاجەردەك ئىشلەتمەك، تارىخنىڭ ئېقىشىغا تەسلىم بولۇش دېگەنلىك ئەمەستۇر.

ئەكسىچە تارىخنىڭ ئېقىشىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن نامزات بولۇش دېگەنلىكتۇر. ھەقىقىي قۇللۇق تارىخنىڭ ئېقىشىغا تەسلىم بولۇش، ھەقىقىي ئەركىنلىك بولسا تارىخنىڭ ئېقىشىنى ئۆزگەرتەلىگىدەك بىر ئىرادە ۋە ھەرىكەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش دېگەنلىكتۇر.

ئاشىققا ئىمكانسىزلىق يوقتۇر. ئىمان ۋە ئاشىق ئەڭ بۈيۈك ئىمكاندۇر. ھېچبىر ئىمكان ئىماننى ۋە ئاشىقنى يارىتالمايدۇ. پەقەت ئىمان ۋە ئاشىق، چەكسىز ئىمكانلارنى يارىتىدۇ.

ھاجەر سەن، ئىنتايىن شجائەتلىك تۈيغۇلار بىلەن قەدەملەپ ماڭىسەن. يۈرىكىڭ خۇددى ھاجەرنىڭ يۈرىكىدەك، ئانا يۈرىكىدەك. بۇ ئاتقان ھەر قەدەملىرىڭ ئىسلامنىڭ سۇسىز قېلىپ يىتىپ كەتكەن باللىرىغا يۈرەككە تولۇپ تاشقان ئىماننى توشۇش ئۈچۈن چىقىدىغان ئۆمۈرلۈك يۈرۈشۈڭ، ئۇزۇن يۈرۈشنىڭ ئالدىن تەييارلىقى بولىدۇ.

سافادىن باشلىدىغ يۈرۈشنى. يالاڭ ئايىاغ، بېشىڭ ئوچۇق. ھازىر سەن يولۇچىسەن، مۇھاجىرسەن، مۇساپىرسەن. كېتىش ۋە كېلىش، سەيئىنىڭ ئومۇمى

سانىمۇ 7 توختا. يەتتە، يەنى داۋاملىشىدىغان ۋە مەڭگۈلۈك يەتتە. بۇ: سەن مەڭگۈلۈك مۇھاجىرسەن. ئالدى بىلەن بىلىنمەس بىر ئالەمدىن دۇنياغا ھىجرەت قىلدىڭ. دۇنيا سېنىڭ ئۈچۈن بىر ئارام ئېلىش يېرى ئىدى. يولۇڭغا داۋام قىلىسەن. بىر ئۈزۈن يۈرۈشتۇر بۇ. سۇ ئىزدەشتۇر. سۇنى، يەنى ئۈمىدنى ئىزدەش. ئىماننى ۋە ئاشىقنى ئۈمىد بىلەن، ئۈمىدنى ئىمان ۋە ئاشىق بىلەن ئىزدەش، دېگەنلىكتۇر.

مەرۋىگە ھەب بىر يېتىپ بېرىشىڭ ساڭا ھاياتىنىڭ تۈگىمەس ئايلىنىشىنى ئۆگىتىدۇ.

نېمە دېگەن گەپ ھاياتىنىڭ تۈگىمەس دەۋرى؟

ھەر بىر ئاخىرلىشىشىنىڭ بىر باشلانغۇچ ئىكەنلىكى ھەقىقەتتۇر. بىرىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، يەنە بىر باشقىسىنىڭ باشلىغانلىقىغا ئىشەنسەڭ بولىدۇ. دەردلىرىڭنى مىسالغا ئالسا، بىر دەردىڭ تۈگىگەندە باشقا بىر دەردىنىڭ نۆۋەت ساقلاپ تۇرغىنىنى ئۇنتۇما. سەپىرىڭ ۋە يولۇڭمۇ... دوستۇڭ ۋە دۈشمىنىڭمۇ... مەغلۇبىيەت ۋە نۇسرىتىڭمۇ ھەم شۇنداق ....

سەئيىسىڭ تاماملانغاندا سەن «سۇنى ئىزدىگەن ئادەم»، زەمزەمنىڭ بېشىغا كېلىپ سۇنى قانغۇدەك ئىچىشىڭ كېرەك. ھاجەرنىڭ سۆيۈنۈشىنى تېتىشىڭ كېرەك. نېمە نىيىتىدە ئىچسەڭ ئىچ، زەمزەم دېگىنىڭ بۇدۇر. زەمزەم پېشانىمىزنىڭ تېرىدۇر، يۈرەك تېرىمىزدۇر، زېھىن تېرىدۇر.

زەمزەم ئابىھاياتنى تەمسىل قىلىدۇ.

سەئيى تۈگەش، زەمزەم باشلىنىشتۇر.

سەئيى ئەمگەك، زەمزەم مۇكاپاتتۇر.

سەئيى دۇنيا، زەمزەم ئاخىرەتتۇر.

سەئيى سالىھ ئەمەل، زەمزەم جەننەتتۇر.

نىمىشقا سەيئى قىلغانلىقىنى بىلمىگەن ئادەم، ھېرىپ چارچاپ ۋە «ئۇف» دەر.

نىمىشقا سەيئى قىلغانلىقىنى بىلگەن ھەر مۇشكۇللەر بىلەن بىرلىكتە بىر قۇلايلىق بار ئىكەنلىكىنى بىلەر ۋە «پاھ-پاھ» دەر.

ئىبراھىمغا كىرگەن بولساڭ، ئەمدى ئۇ چەكلىمىلەرنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى بىلىشىڭ كېرەك. كېيىنلىكتىن يېشىنىپ ئىنسانلارنىڭ ئارىسىغا كىرسەڭ بولىدۇ. دۇنيا سېنى ساقلاۋاتىدۇ. نەمرۇتلىرى كۆپ، ئىبراھىمى يوق بولغان، فىرئەۋنى كۆپ، مۇساسى يوق بولغان، ئەبۇ جەھىل كۆپ، مۇھەممەد (س ئە ۋ) ى يوق بولغان دۇنيا سېنى ساقلاۋاتىدۇ.

ئەمدى، دۇنيانىڭ ئىبراھىممۇ بولىدۇ بۇ دۇنيانىڭ، ئۇمۇ دەل سەن ئۆزۈڭ. ئىچىڭدىكى تېشىڭدىكى بارلىق بۇتلارنى چېقىش ئۈچۈن پالتاڭنى بىلىگەن ھالدا قايتىسەن كەلگەن دىيارىڭغا. سەن تىنچلىق ۋە ئەركىنلىك جەڭچىسى. ئاللاھ بىلەن بولغان ئەھدىنامەڭنى يېڭىلىدىڭ. ئۇنداقتا ئارقاڭغا قارىما، يۈر. ئاللاھ سېنىڭ بىلەن بىرگە، بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇشۇڭ كېرەك. ئىبراھىم يالغۇز يولغا چىققان ئىدى، مىليونلار ئىبراھىم بولدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ يالغۇز يولغا چىققان ئىدى. قارا يۈز مىليونلار، ئۇنىڭغا ئاشىق يۈرەكلىرى بىلەن «لەببەيكە يا رەسۇلۇللاھ!» دېگەچ ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزلىرىدىن ماڭىدۇ.

يۈر ھاياتىنىڭ ئۈستىگە!

قورقما!

چۈنكى سەن ھاياتنى جان يېرىدىن تۇتتۇۋالدىڭ!

ئۇ ئەمدى ساڭا مەپتۇندۇر.

يۈرگىن ئۆلۈمنىڭ ئۈستىگە!

سەن ئۆلۈمدىن قورقما، ئۆلۈم سەندىن قورقسۇن.

چۈنكى ئۆلۈشتىن ئاۋۋال ئۆلۈپ ياشاشنىڭ سىرىنى بايقىدىڭ.

يۈرگىن! شەيتاننىڭ ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئۈستىگە

بۇرۇن بىسمىللا دەيتتىڭ.

ئەمدى بولسا ئىككى پۈتلۈق بىسمىللا سەن بولدۇڭ

يۈر، ھەجىڭ مۇبارەك بولسۇن! ھاياتىڭ ۋە ئۆلۈمۈڭ، دەردىڭ ۋە سانىڭ، سۆيۈنۈشۈڭ ۋە نەپرىتىڭ، ئاشىقلىڭ ۋە ھەسرىتىڭ، بارلىقىڭ ۋە مەھرۇمىيىتىڭ، غەزىپىڭ ۋە مۇھەببىتىڭ مۇبارەك بولسۇن!

## 23. مەككە

ئەمدى چىق ماكانىنىڭ تىلىدىن ئۆلمەس نەزمىلەر ئاڭلاش ئۈچۈن كۆزى كەسكىن، كۆڭلى كەسكىن بىر زىيارەتچى بول. ئۈنۈتمىغىنكى تەپەككۇرسىز زىيارەت ئۆز ئالدىغا بىر ئىبادەت بولالمايدۇ. ناۋادا بولىدىغان ئىش بولسا بىر ساياھەت، ئىنسان ھەۋەسلىرىنىڭ ئۈستىگە ئېتىلغان بىر تۇتام ئوتتۇر: يەر ۋە ئۆز-ئۆزىنى ئالدايدۇ.

زىيارەتنى تەپەككۇرغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرۇش بىلەن ئوخشاش قىممەتكە ئىگە. زىيارەتنى تەپەككۇرغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىككى نەرسىگە مۇتلەق دىققەت قىلىشىڭ كېرەك.

1 زىيارەت قىلىدىغان يېرىڭنى مەبۇد يېرى ياكى بىر تۇتۇم يېرى قىلىپ بۇتقا ئايلاندۇرۇۋالماسلىقتا.

2 زىيارەت قىلغان يەرلەرنى، زامانىنىڭ ئۇزاق تېرەنلىكلىرىدىن باغرىغا بېسىپ ئېلىپ كېلىنگەن مەنىلىرىنى تىڭشاش ۋە ئۇنى چۈشىنىشكە دىققەت قىلىش كېرەك بولىدۇ.

ئەشيانى، ماكاننى ۋە ئىنسانىنى مەبۇد ھالىغا كەلتۈرۈپ بىر توتېمغا ئايلاندۇرۇۋېلىش ئىنسان بالىسىنىڭ ئەڭ ئەزەلىي ئاجىزلىقلىرىدىن بىرى. بۇنى ئىنسان نەپرەت قىلغىنىغا ئەمەس، دائىم ھەر زامان ياخشى كۆرگەنلىرىگە قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال سۆيگۈنىڭ جىنايەتكە ئايلىنىش ئەھۋالىدۇر. ئاق سۆيگۈنىڭ پېشانىسىگە قارا لاي چاپلاشتۇر.

تۈركلەرنىڭ شامانلىق ۋاقتىدىن بۇتپەرەس ئادەتلىرىدىن بولغان ماتا باغلاش

قىلىقلىرى بۇ ھالەتنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالىدۇر. ھەزرىتى پەيغەمبەرگە بەزى جاھىل ئەرەبلەر، مۇشرىكلەرنىڭ ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا «ئامەت كەلتۈرسۇن» دېگەن مەقسەتتە قىلىچلىرىنى ئېسىپ قوٗتلاشقان زاتۇ ئەنۋات دەرىخىنى قەست قىلىشىپ، «بىزنىڭمۇ بىر زاتۇ ئەنۋاتىمىز بولسا» دېگىنىنى ئاڭلىغىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە شىددەتلىك بولۇپ مۇنداق دېگەن: **«سۇبھانالللا! بۇ سۆز گوياكى مۇسانىڭ خەلقىنىڭ: ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىغا ئوخشاش بىزگىمۇ بىر ئىلاھ بېكىتىپ بەرگىن» دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ بارلىقىمنى ئۆزىگە ئاتىغان زاتقا قەسەم بولسۇنكى سىز بۇرۇنقىلارنىڭ يولىنى ئەينەن ئېلىپ ماڭغۇدەكسىلەر»**

بۇ ئىككى ئاساسقا دىققەت قىلىش شەرتى بىلەن ھازىر يولغا چىققىن. كەبىنىڭ كۆن توغۇش تەرىپىدە، سافا تۆپىلىكىنىڭ يان تەرىپىدە، ھازىر ئۈستى تەرىپىدە يۈكسەلگەن بىتون سارايلارنىڭ ئاستى تەرىپىدە ئىگراۋاتقان ئەبۇ قۇبەيس تاغلىرىنى كۆرىسەن. بۇ تۆپىلىك ئەسلىدە ھەر تېشىنىڭ، ھەر تۆپىلىكىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك تارىخي ئەسەر ۋە قوغدىلىدىغان تەبىئي ساياھەت رايونى دەپ ئېلان قىلىنغان «ھەرەم» نىڭ قىممەتلىك پارچىلىرىدىن بىرىدۇر.

ئەمما «ھەرەم» نىڭ ھەر تەرىپىگە ئوخشاش، ئەبۇ قۇبەيسنىڭ ھارىمى ئىسمەتىگىمۇ قوپال قوللار ئۇزىتىلىپ تارمار قىلىنغان ھالدىدۇر. بۇ تاغنىڭ ھەزرىتى مۇھەممەتنىڭ دەۋىتىنى باشلىغان يەر ئىكەنلىكىنى ئەسلە. ئەبۇ قۇبەيسنىڭ شىمال ئېتەكلىرىگە جايلاشقان ئەرقەمنىڭ ئۆيىنىڭ دەۋەتنىڭ ئەڭ زور يىللىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارارگاھ بولغانلىقىنى ۋە ساھابە تەرىپىدىن «دارۇل ئىسلام» دەپ ئاتىلىپ خاتىرىلەنگەنلىكىنى ئۇنتۇما. بۇ تەقدىردە تاغقا قارىشىڭ باشقىچە بولىدۇ.

ئۇنىڭ شىمالىدا، ھازىر كەبىنىڭ ھويلىسىدا قالغان ۋە خالا قىلىپ ئىشلىتىلگەن ئەبۇ جەھىلنىڭ ئۆيىنىڭ ئورۇنلاشقان يېرىنى كۆرىسەن ۋە شۇنداق چۈشىنىسەنكى

ئۆيــۈك، بەدىنىك، مازىرىــك كەبىگە يېقىــن بولۇشــى، ھەتتا كەبىنىڭ ھويلىسىنىڭ ئىچــدە بولۇشــى ئــادەمنى ھېــچ قۇتقۇزالمايــدۇ. كەبىنىڭ ھويلىسىدا ئەمەس، ھەتتا كەبىنىڭ ئىچىدە بولسىمۇ قۇتقۇزالمايدۇ.

ئۇنۇتمىغىنكى! بۇتلار كەبىنىڭ ئىچىگە قويۇلغــانلىقى بىلەن ھېچبىر قىممەتكە ئىگە بولالمىدى.

ئۆز ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتقــان بىــر ئىنســانغا نىســبەتەن، كەبىگە يېقىــن بولــۇش ئۇنىڭغــا بىــر قىممەت قوشــۇپ قويمايــدۇ. خــۇددى ســالام دەرۋازىسىنىڭ دەل ئۇدۇلىغــا چۈشكەن رەسۇلۇللاھنىڭ تۇغۇلغــان ئۆيىنــڭ ئەبۇ جەھىلنىڭ ئۆيىــدىن كەبىگە تېخىمــۇ ئۇزاقراق بولۇشى، ئۇنىڭغا بىر نۇقسانلىق يەتكۈزمىگەنلىكىگە ئوخشاش....

ھازىر كۇتۇپخانــا ئورنىــدا ئىشــلىتىلىۋاتقان بــۇ يەر، باشــقا بــارلىق تــارىخىي يەرلەرگە ئوخشــاش ئەســلى ھــالىتى يوقىتىلغــان ماكــانلاردىن بىــرى. شــۇنداق ھالەتتىمۇ يەنە ئىنسانلارغا نۇرغۇن ـ نۇرغۇن مەنالارنى بىلدۈرىدۇ.

شــۇ ئالــدىڭىزدا تۇرۇۋاتقــان ماكانــدا دۇنياغــا كەلگەن يېــتىم بىــر بــالا، ئاللانىــڭ تەربىيىسىنى ئالغانــدىن كېيىــن، دۇنيانىــڭ مەڭگۈلۈك ئىپتىخــارى بولــدى. مىلادى 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى تۆتتىن بىرىدە، بۇ ماكاندا، بــۇ قۇرغــاق ۋە قاقــاس رايونــدا دۇنياغا كەلگەن بالىنىڭ، دۇنيانىڭ يۆنىلىشىنى ۋە تارىخىنىڭ مــاھىيىتىنى ئۆزگەرتىــدىغانلىقىنى ئاللاھتىن باشقا كىم بىلەلەيتتى؟

بــۇ ماكانــدىن جەنۇب تەرەپكە ســوزۇلغان غــاززەھ كوچىسىنىڭ ســول تەرىپىــدە، تەخمىنەن 2 كىلومېــتىر ئىچىــدىرەك ئىنســانىنى ئىبلىــپ زامانىنىــڭ چوڭقۇرلۇقلىرىغــا شۇڭغۇتىدىغان بىر تارىخ ياتىدۇ: مۇئەللا مازارلىقى

مازار، «زىيارەت يېرى» مەنىسىگە ئىگە. مازارنى زىيارەت يېرى بولۇشتىن چىقىرىــپ، ئىبادەتخانا ھالىغا كەلتۈرگەن چۈشەنچىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى لەنەت ئوقۇغان

ئىدى. يەنى ئادەتتىكى مازارلىق ئەمەس، ئىنسانلارنىڭ ئۇيۇقلىرىدىن بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ مازارلىقىنى: «ئاللاھ يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلارغا لەنەت قىلسۇن. پەيغەمبەرلىرىنىڭ مازارلىرىنى ئىبادەتخانا قىلىۋېلىشتى.» ھەتتا بۇ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاۋۋالقى يىللاردا ھەتتا رەسۇلۇللاھ قەبرە زىيارىتىنىمۇ چەكلىگەن ئىدى، پەقەت مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن مۆمىنلەرنىڭ قەلبىدە تەۋھىد ئېگى ئورۇنلاشقاندىن كېيىن بۇ چەكلىمىنى بىكار قىلغان. ھەتتا ئۆلۈكلەردىن ئىبرەت ئېلىپ ئۆلۈمگە ھازىرلىق قىلىش ئۈچۈن مازارلىقنى زىيارەت قىلىشنى تېخى تەشۋىق قىلغان.

مۇئەللا مازارلىقى، ئۆلۈشتىن ئاۋۋال ئۆلۈشتىن دەرس بېرىش ئۈچۈن كەلگەن. ھاجىلارغا ئۆلۈشتىن كېيىنكى ھاياتنىڭ سىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىنتايىن كۆپ ئەجرى سىڭگەن بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىپ، تاغىسى ئەبۇ تالىپ ۋە ئانىلارنىڭ ئانىسى ھەزرىتى خەدىچە بۇ يەردە ياتماقتا. كىم بىلەر، بەلكى ئىسكەنجىدە ئۆلتۈرۈلگەن ئىسلامنىڭ تۇنجى شېھىتلىرى سۇمەييە، ياسىر ۋە باشقىلارمۇ بۇ يەردە بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر.

بۇ يەردە ئەبۇ تالىپ بىلەن ئەبۇ لەھەب ھەققىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەر ئىككىسى تاغا، ھەر ئىككىسى ئوخشاش دىندا ئەمما، ئارىلىرىدا ئەخلاق، مۇئامىلە، پوزىتسىيە جەھەتتىن ئاسمان - زېمىن پەرق بار. ئىمان دەۋاسىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئەبۇ تالىپ ۋە ئەبۇ لەھەبنىڭ شەخسىيىتى ھەققىدە بۇ ئىككى خىل تىپنى كۆرۈپ پەرقلەندۈرەلەيتتى.

ھىرا مەككىنىڭ شىمالىغا، سەۋر جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. تاغ دەپلا سەل قارىماڭ. تاغلارنىڭ تىلى باردۇر، يۈرىكى باردۇر. بەزى ۋاقىتلاردا سېغىنىدۇ، ئىچى يانىدۇ. ئېچىشىدۇ ۋە ياخشى كۆرىدۇ. بۇنىڭغا بىر مىسال كەلتۈرسەك؛ پەيغەمبىرىمىزنىڭ دېگەن مۇنۇ سۆزنى خاتىرىلىشىمىز لازىمدۇر:

**«ئوھود بىزنى ياخشى كۆرىدۇ، بىز ئوھودنى»**

ھىرا، باشقا ئىسمى بىلەن نۇر تېغىنىڭ تىلىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ھېچ بولمىسا بىر قېتىم يامىشىپ بېقىشىڭىز شەرت. دېڭىز يۈزىدىن 550 مېتىر ئېگىز؛ ساپ گرانىتتىن يۇنۇلۇپ ياسالغاندەك ماگما تېشىنىڭ خاتىرە مۇنارىنىڭ ھەر يېرى 80 گرادۇس كەلگۈدەك، ئادەتتىن تاشقىرى تىك يانتۇلۇقلىرىغا، پەيغەمبەرلىكتىن بۇرۇن مىلادىنىڭ يەتتە يۈزىنچى يىلىنىڭ ئاخىرقى تۆتتىن بىرىدە نۇرغۇن قېتىملاپ ياماشقان بىر جۈپ پۇتنىڭ تۇپراقلارنىڭ ئۈستىدە كۆيۈپ، ئاتەشتەك چۆل ئىسسىقى ئاستىدا بۇنداق تاغلارغا ئاشىق بولۇشقا تەشنا قىلغان نېمە؟

قانداق بىر ئەلەمدۇر، ئۇنى كۆنلەرچە، بەزەن ھەپتىلەرچە ئىچىنى تىڭشاپ، ئىچىنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدىن كېلىۋاتقان مەۋجۇتلۇق نىداسىنى تىڭشاتقان ئەلەم؟

قانداق بىر مەۋجۇتلۇق ئەلمى، قانداق بىر كۆڭۈل يارىسى، نە دەھشەت بىر قۇيۇنى زېھىن قۇيۇنى، قانداق بىر يۈرەك ئىنقىلابىدۇر بۇ؟

بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى تۇنجى نازىل بولغان ئەلەق سۈرىسىنىڭ 5 ـ ئايىتى بېرىدۇ. بۇ بىر مەۋجۇتلۇق ئەلمى، كېلەچەكنىڭ پەيغەمبىرى ھەقىقىتىنىڭ ئۇلۇغ دەرۋازىسىنى زېھنىنىڭ ۋە قەلبىنىڭ بارلىق كۈچى بىلەن مۇشتىلايدۇ ۋە ئۇ تەرەپتىن ناھايەت ئاۋاز كېلىدۇ:

**«ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن**

**ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى.**

**، ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر**

**، ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى**

**ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى.»**

(سۈرە ئەلەق)

ھەرقانداق بىر تاغقا ياماشقۇچمۇ قىيىنلىدىغان ھىرا تۆپىلىكىدە نەق كەبىنى كۆرىدىغان بىر قىيا تاش قوۋۇقى، ئاللانىڭ ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن ھايات خەۋىرىگە شاھىت بولماقتا ئىدى.

مانا بۇ ئالدىڭدا تۇرغان قاپ - قارا قىياتاشلار بۇ ئاجايىپ مەنزىرىنىڭ ئۆلمەس شاھىتى ئىدى. ئەگەر تىلىنى چۈشىنىدىغان بىر يۈرىكىڭ بولسا، قۇلىقىڭنى دىڭ تۇت. بۇ تاشلارنىڭ ساڭا دېمەكچى بولغان بەك كۆپ سۆزلىرى بار.

ھىرا يۈرەككە توغرا يامىشلغان بىر ھىجرەتنىڭ پاناھگاھى ئىدى. سەۋر غارى بولسا ئىنسانغا قارىتا ئەمەلىيەتكە ئاشۇرۇلغان بىر ھىجرەتنىڭ پاناھگاھىدۇر. دېڭىز يۈزىدىن 650 مېتىر ئېگىز بولغان سەۋر غارى بولسا ھىرا غارىدىنمۇ ئېگىز، ھىرا غارىغا قارىغاندا ياماشماق تېخىمۇ تەستۇر.

. سەۋر غارى ئىنسانغا ئاجايىپ نەرسىلەرنى سۆزلەيدۇ

ئىنسان كۆچىنىڭ تۈگىگەن يېرىدە ئاللانىڭ ياردىمىنىڭ باشلىنىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ.

ھەتتا پەيغەمبەر بولسىمۇ بىر بەدەل ئۆتىمەستىن، بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلماستىن، ھەققىگە ئىگە بولماي تۇرۇپ ئىلاھىي ياردەمنى قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ،

تا چىن قەلبتىن: «تۈگەشتىم ئەي رەببىم!» دېگەنلەرگە ئاللاھتىن «چىدا، كەلدىم قۇلۇم!» دەيدىغان ئىلاھىي ئۇچۇرنى يەتكۈزىدۇ.

قۇرئاننىڭ «سىز ئاللاھقا ياردەم قىلسىڭىز ئاللاھمۇ سىزگە ياردەم قىلىدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى ئۇمۇ ئۆز تىلى بىلەن ساڭا سۆزلىمەكچى بولىدۇ. ھەم يەنە مەدىنىگە ماڭىدىغان يولنىڭ مۇتلەق سەۋردىن ئۆتىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ.

مەككىسىنى ئاللاھ يولىدا پىدا قىلغانلارغا ئاللانىڭ كۆز - قۇلاق بولىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ.

تىڭشاپ ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلەلەيدىغانلارغا ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلەلەيدىغانلارغا يەنە نۇرغۇن- نۇرغۇن نەرسىلەرنى سۆزلەيدۇ.

## 24.مەدىنە

«چىققاندا قارىشمىغا جانانىمنىڭ يېشىل يۇرتى
كۆزۈم قاراردى، ئېتىلدىم، ھەرەم شەرەپىنىڭ جەلپكارلىقىغا»
مەھمەت ئاكىف ئەرسوي-

سېغىنىشتىن ھېرىپ كەتتىم ئىشىكىڭدە تۇرغۇز مېنى
بىر ئۇچى ساڭا  تۇتاشقان بىر زەنجىردە ئۇر مېنى

مېنى چۆللەردىن سورىما بەلكى مەجنۇن ئېچىنۇر.
ئاشىقسىزلىقتىن تاش بولغان شەھەرلەردىن سورا مېنى

قاراڭغۇلۇق يەرلىرىمنى بىر بىر تۆكتۈم ئاسفالىتلارغا
ئەمدى يۈرىكى مۇزلىدى. كىيىندۈر ئەمدى ئەي نۇر مېنى

مەن لەيلايىمغا بارىمەن. قاچ ئالدىمدىن ئى لەيلا
جەننەتتىن غەيرىي بولساڭ تۇرماسمەن، قارا چاقىردى مېنى.

تۇپراقىمنىڭ كۆزلىرىدىن چۆللىرىڭنىڭ مەڭزىگە

ئاقىقان بىر تامچە يېشىم، يار قوبۇل قىلغىن مېنى.
قايسى دېڭىزغا ئاتسامۇ تۇتاشتى چاچلىرىڭدىن
بىر كەز سال نەزەر بولمىسا بۇ يۈرەك يېرىم يولدا كۆيدۈرەر مېنى.

شەھەرلەرنىڭ ئانىسىدىن شەھەرلەرنىڭ سۆيۈملۈكىگە بىر سەۋدا ئوكيانۇسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەلكەن ئېچىپ يولغا چىقماقتىسەن.
مەدىنەتۇن نەبى: پەيغەمبەر شەھىرى.
مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكى.
نۇرنىڭ شەھەرلەشكەن ھالى
قۇددۇس، شام، باغدات، قاھىرە، قۇرتۇبا، ئىستانبۇل، ئىسفاھان، سەمەرقەنت، بۇخارا ھەر بىرى مەدىنە بولۇش ئۈچۈن تۇغۇلغان «مەدىنە» دۇر.
يەمەندە ساھابە ئۇۋەيس ئەلقارنى، ئىستانبۇلدا سائەبە بۇ ئەييۇپ ئەنسارى، قىبرىستا ساھابە خالا سۇلتان، قاھىرەدە ساھابە رەئسۇل ھۈسەيىن، باغداتتا ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە تېخىمۇ كۆپ ماكانلاردا مىڭلارچە زىيارەت يەرلىرى بار. بۇلارنىڭ ھەر بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يېيىلغان نۇرنىڭ ئوخشىمىغان رەڭلىرىنى نامايەندە قىلغان ھەجمى چوڭ كىچىك بولغان، نۇر قايتۇرغۇچى ئەينەكلەر ھۆكۈمىدەدۇر. ھەقىقەتەن مەدىنە يۈرەك، پۈتۈن ئىسلامى زىيارەت يەرلىرى بولسا ئۇ يۈرەكنىڭ پ ھەر يەرگە يوللىغان مەنىۋى قېنىنى ۋۇجۇدنىڭ ئەڭ ئۇزاق ئۈچلىرىغا ئۇلاشتۇرىدىغان تومۇرلاردۇر.
ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ دەۋىتىگە ئىجابەت قىلىپ ھەجنى ئادا قىلىپ ئاللاھ بىلەن بولغان ئەھدىنامەڭنى يېڭىلىغانلىقىنى نەبىمىزگە ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن كېلىسەن. ئۇ زىيارىتىڭنىڭ مەقسىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ قوشۇنىدا بىر نەپەر بولغانلىقىڭنى، قوشۇنىنىڭ

باش قوماندانىغا خەۋەر بەرمەكتۇر.

ئۇنتۇما، بىر «ئۆلۈك» زىيارتى ئەمەس بۇ زىيارەت. ھەرگىزمۇ بىر ئاددىي مەقبەرە زىيارىتىگە كەلگەنىدەكلا كەلمە. ئەگەر شۇنداق دەپ سانىساڭ سېنىڭ تەسەۋۋۇرۇڭنى ۋەھىي بەرپا قىلمىدى دېمەكتۇر. ۋەھىي سېنىڭ «ئۆلۈك» دېگىنىڭگە «تىرىك» دەيدۇ، سېنىڭ «تىرىك» دېگىنىڭگە بولسا «ئۆلۈك» دەيدۇ. ئالالىنىڭ «قارا» دېگەن يېرىدىن قارىساڭ، بۇنىڭ مۇشۇنداق ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن. ئۆلمەس قىممەتلەر ياراتقانلارنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقىنى، سالىھ ئەمەل قىلغانلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى ياشاشنىڭ سىرىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلىسەن. تېخى پۈتۈن بارلىقنى ئۆلمەس بولغانغا ئاتىغاننىڭ، ئاشىقلارنىڭ ئەسلا ئۆلمەيدىغانلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇمىغىن، ئاشىق ئۆلدى دەپ سالاۋات تووۋلايدۇ.

ئۆلگەن ھايۋانمىش ئاشىقلار ئۆلمەس.

ئاشىقلار ئۆلەرمۇ؟

بولۇپمۇ پۈتۈن ئاشىقلارنىڭ ئاشىق سۆيىنى بولىقىدىن تولدۇرۇۋاتقان سۆيۈملۈكلەرنىڭ سۆيۈملۈكى ئۆلەرمۇ؟

دۇنيانىڭ بارچە ئۆلمەس ئاشىقلىرىنىڭ، ئاستىغا پەقەت بىر بەت ئىزاھاتى قىلىپ يېزىلىدىغان ئاشىقنىڭ تونۇشتۇرغۇچىسى ئۆلەرمۇ؟

سۆيگۈنى سۆيگۈ بىلەن ياراتقان ۋە ۋەدۇد بولغان ئەڭ بۈيۈك سۆيۈملۈكىمىزنىڭ، ئىنسانىيەتكە سۇنغان «ئۆرنەك» ى ئۆلەرمۇ؟

ۋە ھەممىسىدىن بەكرەك، ئالالىنىڭ «بىز سېنى باشقا بىر مەقسەت بىلەن ئەمەس، پەقەت ۋە پەقەت ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتۇق» دېگەن رەھمەت بۇلىقى قۇرۇپ كېتەرمۇ؟ ئالەملەرگە رەھمەت ئۆلسە، ئۇ «ئالەملەر» قانداقمۇ ياشار؟ «ئالەملەرگە رەھمەت» ئۆلسە، ئۇ رەھمەت بولغان ئالەملەر ئۆلمەسمۇ؟ ئىمانىڭمۇ سالىھ ئەمەلىڭمۇ

يۇقىرى مەرتىۋىسىدە بولغان بىرى ئۆچۈن يارىتىلغان سۆيگۈ، مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى نۇقتىسىدۇر. مۇھەببەتنىڭ چوققىسى ئۆلەرمۇ؟

«ئۆلۈم» دۇنيا ئالەمشىقا ئالاقىدار بىر ئىش ئەمەستۇر. ئەسلى ئۆلۈم ئەقىل يۈرگۈزىدىغان قەلبنىڭ ئۆلۈمىدۇر. ۋەھىي بارلىققا كەلتۈرگەن ئەقىل بۈنى مۇشۇنداق بىلىدۇ. ئۆلۈم، ئاڭسىزلىقتۇر، مەسئۇلىيەتسىزلىكتۇر. ئۇ دۇنياغا كەتكىنىدىن بۇيانمۇ يۈز مىليونلارچە ئۆلۈك يۈرەككە جان بەرگەن، يۈز مىليونلارچە ئەر ۋە ئايالنىڭ ئىشقىنى بەرپا قىلغان پەيغەمبەر، قانداقمۇ «ئۆلۈك» دەپ زىيارەت قىلىنىدۇ؟. ئۇ ئۆلگەن بولسا، تىرىك كىم؟

ئۇنداقتا، ھازىر ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا، ئۇنىڭ مىليادلىق قوشۇنىغا مەنسۇپ بىر نەپەر بولۇپ كىرگىن ۋە دوكلاتىڭنى بەر!

قاچقۇنلاردىن ئەمەسمەن، مەۋجۇت تىزىملىككە مېنىمۇ ياز! دېگەن تەلەپتۇر بۇ زىيارەت.

ھازىر ئىسلام قوشۇنىنىڭ مەنىۋى قۇماندانىنىڭ قارارگاھىغا يېقىنلىشىۋاتىمىز. پاراتتىن ئۆتۈش ئۈچۈن تىزىلىۋاتىسەن. ھەرگىزمۇ قولۇڭنى، يۈزۈڭنى، ئۇ يەر بۇ يېرىڭنى پەيغەمبەرنىڭ قەبرىسىگە ۋە پاكى پەيغەمبەر مەسچىتىنىڭ ھەرقانداق بىر يېرىگە سۈرتىدىغان ئەنتىزامسىزلىقنى قىلماسلىقىڭ كېرەك. بۇ تۈر ئەنتىزامسىزلىقلار قارشىسىدا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەبرىدىن تۇغرىلىنىپ «شاللاق!» دەپ تۇۋۋلاپ كېتىدىغاندەكلا بىر ھېسسىيات پەيدا بولىدۇ ئىنساندا. ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە، ھەتتا قىبلىنى قايرىپ قويۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى تەرەپكە ئۆرۈلۈپ دۇئا قىلىشىنىمۇ ئېغىر بىر ئەنتىزامسىزلىق دەپ قارىغان ئىدى. يەنە بارماق ئاينى كۆرسەتكەندە ئايغا ئەمەس بارماققا قارىغاندەك تۇۋرۇكلەرنى ساناش، تاش، تۇپراق، قۇببە، مەرمەر تاشلار بىلەن ھەپىلىشىشمۇ ئەنتىزامسىزلىق گۇناھىدۇر. ئەنتىزامسىز مۆمىن

بولماسلىقلىق كېرەك.

بۇ زىيارەتنىڭ سىمۋوللۇق ئىكەنلىكىنى ئېسىڭدىن چىقارما. جەسەتكە ئەمەس روھقا يۈزلەن، كونۋېرتقا ئەمەس، كونۋېرتنىڭ ئىچىدىكى خەتكە دىققىتىڭنى يىغىشىڭ لازىم. رەسۇلۇللاھنىڭ روھىنىڭ سەندىن خەۋەردار قىلىنىدىغانلىقىنى بىلىشىڭ ۋە كامالى ئەدەپ بىلەن ئۇنى سالاملىشىڭ كېرەك.

«ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەلەيكە يا رەسۇلۇللاھ!»

كۆز ئالدىڭدا بىر سەھنە جانلىنىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر نۇر مەنبەسىگە ئوخشاش ئۇ سەھنىنى تولدۇردى. سەندىن مەلۇمات ۋە بايان (دوكلات) بېرىشىڭنى كۈتۈۋاتىدۇ. سالامىڭ تەكمىلىگەندۇر. ئەسلىگىنىكى، رەسۇلۇللاھمۇ قەبرىلەرگە زىيارەتكە بارغىنىدا سالام بېرەتتى. سەن ئالدىدا تۇرغىنىڭ بولسا ئادەتتىكى بىر قەبرە ئەمەس. مىليونلارنىڭ سۆيگۈنى، مىلياردلىق بىر قوشۇننىڭ باش قوماندانى ئالدىدا تۇرۇۋاتىسەن. ئالغاچ كەلگەن سالاملارنى جايىغا تەگكۈز. ئۇ سالاملار ئۇنىڭغا يېتىدۇ. تاشقىنلىق قىلمىغىن.

ئازابلانغانلىقىڭنى ئىپادىلە. پەيغەمبەر قوشۇنىنىڭ قاچقۇنى بولغان كۆڭلىرىڭنى خاتىرلە ۋە ئىچىڭ يانسۇن. كەچۈرۈم سورا ۋە بۇندىن كېيىن قاچمايدىغانلىقىڭغا سۆز بەر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بايرىقىدىن باشقا بىر بايراق تونۇمايدىغانلىقىڭغا ۋەدە بەرگىن. ئۇنىڭغا قارشى ئەبۇ جەھىلنىڭ نەۋرىلىرىنىڭ يېنىدا بولمايدىغانلىقىڭغا ۋەدە بەرگىن ئۇنىڭ خاتىرىسىگە ئاھانەت قىلمايدىغانلىقىڭغا ۋەدە بەرگىن. ئۆز مەدىنەڭنى قۇرۇش ئۈچۈن مەنتىقى ھىجرىتىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىڭغا، ئىمانىڭنىڭ بەدىلىنى ئۆتەيدىغانلىقىڭغا ۋەدە بەرگىن. **«ئۆيۈم بىلەن مۇنبىرىم ئارىسى جەننەت باغچىلىرىدىن بىر باغچىدۇر (كەبى) دۇر»**

بۇ ماكاندا سىمۋوللۇق بىر تۇرۇش، جەننەتكە بولغان سېغىنىشنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. جەننەتتە «ئىبادەت» تۈگەيدۇ. ئەمما «مۇھەببەت» داۋام قىلىدۇ. سەنمۇ بۇ مۇھەببەتنىڭ جۇمىكىگە ئىغىزىڭنى تۇتۇپ قانغۇدەك ئىچ!

پەيغەمبەر مەسچىتى ئادەتتىكى بىر يەر ئەمەس. ئۇ يەر ئۈممەتنىڭ تۇنجى قارارگاھىدۇر. ئۇ يەر بولسا پەيغەمبەرنىڭ ھەم ئۆيى ھەم مەكتىپى، ھەم قارارگاھى ھەمدە تەككىسى ئىدى. ئۇ يەردە ئىبادەتتىن تارتىپ، تەپەككۇر، مۇھەببەت، ئۈلپەت، زىكىر، شۈكۈر مۇبارەك قىلىنغان ئىدى. **«بۇ بەرىكەت بىرگە مىڭ بەرگەن بىر ئىبتىرلىقنىڭ بەرىكىتىدۇر»** (بۇخارى). چۈنكى، ھەر نەرسە ئۆزىنىڭ بازىرىدا ئۆزى ھەقلىق بولغان قىممىتىنى تاپىدۇ. ئۇنتۇما، ئۇ ماكانلار ساۋابنىڭ بازىرىدۇر.

پەيغەمبەرنىڭ مەسچىتىدە ئىسلامنىڭ بىر يالغۇز كىشىدىن جامائەتكە، مەدىنىدىن مەدەنىيەتكە، جامائەتتىن دۆلەتكە قاراپ تەرەققىي قىلىش مۇساپىسىنى ئويلىشىڭ كېرەك. بىر تامچە بولۇپ باشلانغان ئۇزۇن سەپەر قانداقسىگە بىر ئوكيانۇسقا ئايلاندى؟ بۇنىڭ ھېساب - كىتابىنى قىلىشىڭ كېرەك. سەن بۇ سەپەرنىڭ قايېرىدىسەن؟ ئۆز ئورنۇڭنى تەكشۈرۈپ چىقىشىڭ ۋە يول خەرىتەڭنى رەسۇلۇللاھنىڭ يول خەرىتىسىگە قاراپ تۈزۈپ يېڭىدىن بېكىتىۋېلىشىڭ كېرەك.

مىلادى 622- يىلى 20- سېنتەبىردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە قىلغان ھىجرىتى ئۈچۈن مەدىنە خەلقىنىڭ «ئاي تۇغۇلدى ئۈستىمىزگە» دېگەن نەزمىسىنى ئېيتقان ھالدا قارشى ئېلىشقان يەرگە يەنى قۇباغا بارغىن.

ئۇ يەر بولسا مەدىنىنىڭ تۇنجى مەسچىتى، تۇنجى قارارگاھىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ خىشنى توشۇغان بۇ مەسچىتنىڭ ئورنىدا شامال ئۈچۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تارىخ قەتلىئامىغا چىدىماي ئوت بولۇپ يانسەن ۋە تارىخسىزلىقنىڭ بۇ ئۈممەتنىڭ ئەڭ بۈيۈك تەلەيسىزلىكى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىشىڭ كېرەك.

ئۇ يەردىن رانۇنا مەسچىتىگە بىرىشلىك ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۈنجى جۈمە مەسچىتىگە بىرىشلىك ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۈنجى جۈمەسىنى ئوقۇغان ماكانىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىشلىق كېرەك ۋە جۈمەنىڭ مەدىنە دۆلىتىنىڭ خەۋەرچىسى بولغانلىقىنى ئەسلىشلىك كېرەك.

ھاياتىڭدا بىرەر قېتىم بەدىر غازىلىرىغا بىرىلگەنىدەك زەپەر ۋە ئوھود ئىمتىھانى بولدىمۇ؟

ئۇنۇتمىغىنكى ئاللاھ بىر بىرىپ سىنايدۇ بىردە ئېلىپ سىنايدۇ. بىر ئۇستىگە چىقىرىپ سىنايدۇ، بىر پەسكە چۈشۈرۈپ. بىر قولغا كەلتۈرۈش بىلەن، بىر يوقىتىش بىلەن. بۇ ئىككى قۇتۇپلۇق سىناشنىڭ تارىخى ئۆلگىلىرىنى كۆرۈشنى خالىساڭ بەدىر ۋە ئوھود سېنى ساقلاۋاتىدۇ. بارغىن ۋە كۆرگىن پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئۆتكەن ئىبىغىر بەدەللىرىنى. تاشلارنىڭ، تۇپراقنىڭ ئاۋازىنى تىڭشىغىن. بەدىردە ئىمانىنىڭ كۈچىنى كۆر، ئوھودتا ئىمتىھاننىڭ دەھشىتىنى. ئوھودقا كەلگىنىڭدە ساھابە بولۇپ ئۆيلىرىدىن چىققان يۈزلەرچە كىشىنىڭ، ئوھودتىن ئۆيلىرىگە رەسمىي تىزىملانغان مۇناپىق بولۇپ قايتقانلىقىنى خاتىرىلا ۋە سورىغىن ئۆز ئۆزۈڭگە: مېنىڭ بۇ يەرلەرگە كېلىشىم بىلەن قايتىشىم ئارىسىدا پەرق بارمۇ؟ بولامرۇ؟

ھەجىڭمۇ خۇددى قۇرئانغا ئوخشاش مۆئمىننىڭ ئىمانىنى، كاپىرنىڭ ئىنكارىنى، مۇناپىقنىڭ نىفاقىنى ئۆستۈرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئۇنتۇما. سېنىڭ نىمەڭنى ئاشۇردى، ئۇنىڭغا قارىغىن. ئەتراپىڭدا رىلىس چاقلىرىنىڭ مۇقەددەس ماكانغا تەتۈر چۈشۈپ قالغانلارغا ئىبرەت بىلەن قارا. قانداق كەلگەن بولسا شۇ پېتى قايتقانلارنى، ھەتتا كەلگىنىدىن تېخىمۇ ۋەيران قايتقانلارنى، قايتاركەن ئىچى يېنىش ئۆياقتا تۇرسۇن، خىجىل بولمىسا قوڭغۇراقلىق ئۇسۇل ئوينايدىغانلارنى ئويلا ۋە ئىبرەت ئالغىن.

ئوھودتا جەستى پارچە - پارچە قىلىنىپ قولىقى ۋە بۇرنى كېسىلىپ قەلبى

سۆكۈلگەن ھەمزە شەھىدىمىزنى كۆر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بايراقچىسى ۋە ھاياتى بىر ئىمان داستانى بولغان يىگىت مۇسئاب بىن ئۇمەيرنى كۆر!

**«ئاللاھىم ئۇلارنى كەچۈر، ئۇلارنى ھىدايەت قىل، چۈنكى، ئۇلار ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ.»**

دېگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى خاتىرلە. خاتىرلىغىنكى، يەنە شۇ نەبى بەدردە قوللىرىنى ئاللاھقا ئۇزىتىپ **«ئاللاھىم ئەگەر شۇ بىر ئۇچۇم ئىمان ئېيتقان ئىنسانىنى ھالاك قىلساڭ يەر يۈزىدە ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان قالمايدۇ»** دېگەنلىكىنى ئەسلە.

ئوھودقا باق، پەيغەمبەرلەرنىڭ، «ئاق دالالىرىنىڭ، مۇشرىكلەرنىڭ ئۆلۈك جەسەتلىرى ئۈستىگە قايتقانلىقىنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ يېرىڭنى ئەسلا تەرك قىلما» دەپ يەرلەشتۈرگەن ئوقچىلارنى خاتىرلە. غەنىيمەت خىرىسى شۇنداق بۈيۈك بىر جەڭنىڭ قەدرىنى مەنپىي يۆنىلىشتە قانداق ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئەقلىڭگە كەلتۈر ۋە «دۇنياۋىيلىششى» نىڭ ئىنسان بېشىغا ئاچقان ۋە ئاچىدىغان بالالارنى ئويلا.

سۈمەيرا خاتۇننىڭ ئوھودنىڭ مەدىنىگە قەدەر ئىشتىلگەن ئاۋازىنى ئاڭلا. «مۇھەممەد ئۆلدى» دەپ ۋارقىرىغاننىڭ ۋاقتىدا نان پىشۇرۇۋاتقان خېمىر جاۋۇرىنى ئىتتىرىۋېتىپ چاچلىرىنى شامالدا يۇلاڭلىتىپ ئوھودقا قاراپ يۈگۈرگىنىنى ئەسلىگىن. ئوھودتا شېھىت بولغان ئېرى، قېرىندىشى ۋە ئوغلى ئۆزىگە ھەر قېتىم كۆرسىتىلگەندە «ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىڭلار» دېيىشىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەندىن كېيىنمۇ: «ئاتا ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! ئەي رەسۇلۇللاھ! سەن ھاياتلا بولساڭ قالغىنى غەم ئەمەس» دېيىشىنى ئەسلە!

سائاد بىن رەبىنىڭ ھەر تەرىپىدىن قانلار ئېتىلىۋاتقىنىدا «مەن جەننەتنىڭ پۇرىقىنى ھىدلىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالامىمنى ۋە ئەھۋالىمنى ئېيتىپ قويۇڭلار!» دېگەندىن كېيىن ئاللاھقا كېتىشىنى خاتىرلە.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھقا بەرگەن سۆزىنى بۇزمىغان يىگىتلەرنىڭ جەسەتلىرى بېشىدا تۇرۇپ **«مەن سىزنىڭ ئاللاھ قېتىدا تىرىك ئىكەنلىكىڭىزگە شاھىتمەن»** دېگەنلىكىنى ۋە بۇنىڭ ئۈستىگە شۇ ئايەتنىڭ نازىل بولغانلىقىنى خاتىرىلە!

**«ئاللانىڭ يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، ئاللانىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ). ئۇلار ئاللانىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر، ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شېھىت بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ، (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ.** » (سۈرە ئەلئىمران 169 ـ 170 ـ ئايەتلەر).

يەتتە مەسچىتلەردە، مەككە شېرىك دۆلىتىنىڭ يەنە قايتا بېشىنى كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدىكى ئەڭ ئاخىرقى گۇمران بولۇشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەربىي تالانتى بولغان خەندەك ئۇرۇشىغا شاھىت بولۇشۇڭ كېرەك. خەندەك ھازىرلاۋېتىپ ئالدىغا چىققان بىر قايا تاشنى پارچىلاش ئۈچۈن بولقىسنى ئۇرغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، بولقىنىڭ چاچرىغان ئۇچقۇنىدا ئىران ۋە ۋىزانتىيە ئىمپېراتورلۇقىنىڭ يىقىلىدىغانلىقىنى، سانئا سارىيىنىڭ ئىسلامغا تەسلىم بولىدىغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى خاتىرىلە. سەنمۇ يېڭى بىر فەتىھ ھەرىكىتى ئۈچۈن ئۆز مەدىنەڭنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇ يەردىن مەككىنى فەتىھ قىلىش ئۈچۈن ئىبرىشكەنلىرىڭنى بازاردا خەجلەپ بۇزۇپ چاچماستىن، يىراق شەرقنىڭ (جۇڭگو) ماللىرىنىڭ «كەبىسى» ھالىغا كەپ قالغان بازارلارنى كەبىدىن كۆپرەك تاۋاپ قىلماستىن ئايرىلىشىڭ كېرەك.

ۋە ئايرىلغىنىڭدا يۈرىكىڭنى ئۇ يەردە قويۇپ قويۇشۇڭ كېرەك.

پەقەت يۇرەكسىز نېمە قىلارسەن؟

ئەڭ ياخشىسى سەن كەبىنى ۋە نەبىنى يۇرىكىڭدە كەتكەن يېرىڭگە كۆتۈرۈپ كەت. شۇنى كۆرسەنكى، ئۇ ۋاقىتتا ئىككىڭلارنى ھېچقاچان ھېچكىم ئايرىۋېتەلمەيدۇ.

ئەمدى پەيغەمبەرگە سالام بەر ۋە ئاللاھقا ئامانەت قىل. ئۇنىۋتمىغىنكى، ئۇمۇ ساڭا سالام يېرىدۇ ۋە سېنى ئاللاھقا ئامانەتكە قويىدۇ؛ ئامانەتكە خىيانەتنى ئويلاشمايدىغان يېگانە ۋۇجۇد ئاللاھقا....

سەنمۇ سۆزۈڭگە ئاھانەت قىلما. ئاللاھنى شاھىت قىلغان، ئەلچىسى تۇيالمىغاننى شاھىت قىلغان ئەھدەڭگە ئاھانەت قىلما!

ئۇنىۋتمىغىنكى زىيارەتنىڭ قىسقىسى مەقبۇلدۇر. كەئبە تويالمىغان ساڭا؛ ھەرەم مەسچىتى، پەيغەمبەر مەسچىتى تويالمىدى ساڭا. سەنمۇ ئۇلارغا تويمىدىڭ. بىر-بىرىڭلارگە تويماستىن، تويالماستىن، مۇقەددەس ماكانلار بىلەن تېخى كۆرۈشە-كۆرۈشمەي، ئۇلارغا نىسبەتەن تەكەللۇپسىز ئىش قىلماستىن ئايرىلىشىڭ كېرەك.

كەئبە ساڭا: «توختا نەگە كېتىۋاتىسەن، ساڭا تويالمىدىم» دەيدۇ. سەنمۇ ئۇنىڭغا دەيسەنكى: «مەنمۇ شۇ... مەنمۇ تۇيالمىدىم ساڭا!» سۆيۈملۈكۈم، كىم بىلىدۇ، بەلكى بىر كۈنى...

## 25. رەسۇلۇللاھنىڭ ھەجى

«خۇز ئەننى مەناسىكەكۇم»

«ھەجىڭىزنى مەندىن ئۆگىنىڭ»

تارىختىن مەلۇمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەتتىن كېيىن 9 يىل ھەج قىلماستىن ھىجرەتنىڭ 10 ـ يىلى ھەج قىلدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ يېگانە ھەجى تارىختا «ۋەدا ھەجى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھەج قىلىش جەريانىدا مۆئمىنلەرگە **«ھەجىڭلارنى مەندىن ئۆگىنىڭلار»** دەپ ئەمىر قىلغان ئىدى. چۈنكى، ھەج ئىبادىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرۈپ ـ ئادەتى بولۇپ جاھالەت دەۋرىدىمۇ ئادا قىلىناتتى. پەقەت ھەم ھەج قىلىشتىن مەقسەت ـ مۇددىئاسىدىن ۋە ئادا قىلىش ئۇسۇلىغىچە بۇزۇۋېتىلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، جاھىلىيەت ئىنسانلىرىنىڭ قولىدا ئەسلى تونۇلمىغۇدەك دەرىجىدە بۇزۇلغان ۋە بۇزۇۋېتىلگەن ھەج ئىبادىتىنى يېڭىدىن ئەھيا قىلدى.

ۋەدا ھەجى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپاتىدىن ئازراق بىر ۋاقىت ئىلگىرى قىلىنغان ئىدى. ھەقىقەتەن، «ۋەدا» ئىسمىنى ئېلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ بۇ ئىدى. بۇ ھەج، «بۈگۈن دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم» دېگەن ئايەتنىڭ ئەمەلىي بىر كۆرۈنۈشى بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سانى ئون مىڭغا يەتكەن مۆمىن كەلكۈنىنىڭ ھۇزۇرىدا ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغانلىقىغا ئىنسانلارنىڭ گۇۋاھ بولۇشىنى ئۆتۈنگەن، ئۆزىمۇ ھەم بۇ گۇۋاھچىلىققا ئاللاھنى شاھىت تۇتقان ئىدى.

23 يىللىق پەيغەمبەرلىك مۇددىتىنىڭ ئاخىرىغا توغرا كەلگەنلىكى تۈپەيلى ھەج

ئىبادىتى باشقا بارلىق ئىبادەتلەرنىڭ تاج ـ ياپرىقى بولغان ئىدى. بۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ھەج ئىبادىتى مۇھەممەدى شەرىئەتنىڭ تايانغان ئەڭ مۇھىم ئاساسلارغا ئالاقدار نۇرغـــۇن پروگرامـــا ۋە دەلىللەرنى ئۆزىـــدە مۇجەسسەملىگەن ئىـــدى. «دىنىنــــڭ پۈتۈنلەشكەن» بىر زامانغا توغرا كەلگەن بۇ ئىبادەت، ئىسلام ئىبادەت فىقھى ئۈچۈن ئاساس سالغۇچىلىق رول ئوينىغۇدەك دەرىجىدە تەپسىلىي ۋە مول پايدىلىنىش مەنبەسى بولـــۇپ بەردى. ئەڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىگە يەتكەن، ئەڭ ئىنچىكە تەپسىلاتلارغىچە خاتىرىلەنگەنلىك تەبىئىتى بىلەن ھەج ئىبـــــادىتى، ئىبادەتلەرنىڭ ھېكمـــــــتىنى چۈشىنىشنى خالىغانلار ئۈچۈنمۇ ناھايىتى مول بىر ئۈچۈر مەنبەسىدۇر، بىز بۇ يەردە، ھەدىسلەرگە تېما بولغان ۋەدا ھەجنى نەقىل قىلمىز. بۇنى قىلىشتىكى مەقسىتىمىز، «ھەج ئىلمىنى»نى ئۆگىنىشنى خالىغان ھەر بىر ئادەمگە ھەجنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەجى بولغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى بايان قىلىشتۇر.

مۇسـۇلمانلارنىڭ زېھنىــدىكى پەيغەمبەر تەسەۋۋۇرلىرى پەرقلىق بولسىمۇ، ھەقىقەتتە پەيغەمبەر بىرلا قېتىم يەنە كېلىپ ئۆمۈ بىر قېتىملا ھەج قىلغان ۋە بۇ ھەجنى پۈتۈن مۇسـۇلمانلارغا «ئۈلگە» قىلىــپ تەقــدىم قىلغــان ئىــدى. بــۇ تەقــدىم تەلىماتنى **«ھەجنىڭزنى مەندىن ئېلىڭ»** دېيىش بىلەن بۇيرۇغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەدا ھەجنى نۇرغۇنلىغان ساھابىلەر رىۋايەت قىلغان ئىدى. بۇ نەقىللەرنىڭ ئوخشىمىغان بايانلىرى بىلەن نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر توپلانغان ئىدى. بىز بۇ ھەدىسلەرنىڭ ئەڭ سالىھ ۋە ئەڭ مەشھۇرلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ نەقىل قىلىمىز. رىۋايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى جابىر بىن ئابدۇللاھ، ئائىشە بىنت ئەبۇبەكر، ئابدۇللاھ بىن ئابباس، ئابدۇللاھ ئىبن ئۆمەر ۋە باشقىلارغا ئوخشاش ئالدىدا ماڭغان سالىھلار تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغاندۇر. بۇ رىۋايەتلەرنى باشتا بۇخارى ۋە مۇسلىمدىن تارتىپ، نۇرغۇنلىغان ھەدىس مەنبەلىرىدە ئورتاق ۋە يا يالغۇز ھالدا نەقىل قىلىنغان

ئىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بولغان ۋەدا ھەجىنى نەقىل قىلىۋېتىپ يېرى كەلگەنــدە ھەدىسلەرگىمۇ مۇراجىئەت قىلىمىز. بۇ پەرقنى، «سۈننەت» ۋە «ھەدىس» نـى ئەينى دەپ گۇمان قىلغان ئوقۇرمەنلىرىمىزنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن قىلغانلىقىمىزنىمۇ ھەم بـۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويغان بولدۇق.

ئەمدى ۋەدا ھەجىنى بايان قىلىشقا ئۆتىمىز.

* * *

رەسـۇلۇللاھنىڭ ھەج ئىلانىنــى ئاڭلىغــان ئىنســانلار، ئۇنــىڭ بىلەن بىرلىكتە ھەج ئىبادىتىنى قىلىش ئۈچـۈن سـۈدەك ئېقىشـقا باشـلىدى. رەسۇلۇللاھ مەدىنىـدىن چىقىـپ زۇلھۇلەيفە دېگەن يەرگە كەلگەن ئــىدى. بــۇ يەردە ئالــدى بىلەن يۇيۇنـــدى، ئەتىر سۈرتتى، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى. بېلىگە بىلىنىڭ ئاستىنى ئورايدىغان بىر يېپىنچا (ئىزار) بىلەن يۆگىدى. مۈرىسىدىن ئاستى تەرەپكىمۇ يەنە باشقا بىـر رىـدا بىلەن ئـوراپ ئېھرامغا كىردى.

ئــىبنى ئاببــاس بىلەن مـھـۋەر بــىن ماھرەمە، ئەبۋا دېگەن يەر ئىسمى ھەققــدە ئىختىلاپ قىلىشـقانىكەن. ئــىبنى ئاببـاس «ئېھرامغـا كىرگەن بـىرى بېشىنى يۇيالايـدۇ» دېسە، مھۋەر «يۇيالمايدۇ» دەيـدۇ. راۋى ئابـدۇللاھ بــىن ھۇنەيىن دېـدىكى: «بۇنـىڭ ئۈچۈن ئىبنى ئابباس مىنى ئەبۇ ئەييۇپ ئەل ئەنسارىنىڭ يېنىغـا ئەۋەتتى. ئەبۇ ئەييۇپقا ئەھۋالنى ئېيتتىم. ئـۇ كىيىملىرىنــى بېشـى كۆرۈنگـۈدەك قىلىــپ تـارتتى. بېشىغا سـۇ تۆكۈلۈشنى ئىســتىدى ۋە بېشىنى قــوللىرى بىلەن سىلاپ يــۇدى ۋە دېــدىكى: **«مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ مۇشـۇنداق قىلغـانلىقىنى كـۆردۈم.»** (بۇخـارى، مۇسـلىم، نەسائى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە)

« ئائىشە ئـانىمىزدىن ئېھرامدىكىلەرنىڭ ۋۇجـۇدىنى قاشـلاپ قاشـلىمايدىغانلىقىنى ســورىدى. ئائىشە، **«شـــۇنداق، بەدىنىنى قاشلىســۇن، ھەتتا بــار كــۈچى بىلەن**

**قاشلىسۇن»** دېدى. (بۇخارى، مۇسلىم) ئىمام مالىكتىن قىلىنغان رىۋايەتتە شۇ يەر ئارتۇق رىۋايەت قىلىنغان: **«قوللىرىم باغلانسا ۋە پۈتۈمدىن باشقا قاشلايدىغان يېرىم بولمىسا ئىدى، پۈتۈم بىلەن قاشلىغان بولاتتىم.»**

**«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرىنىڭ بارلىق يول ئەشيالىرىنى بىر تۆگە توشۇيتتى. بۇ تۆگىگە قارايدىغانغا بىر قۇل تەيىنلەنگەن ئىدى. ئارج دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئارقىدا قالغان بۇ تۆگىنى ساقلاۋاتقان ئەبۇبەكرى، قۇلنىڭ تۆگىسىز كەلگەنلىكىنى كۆردى. سوراش ئارقىلىق تۆگىنى يىتتۈرۈپ قويغانلىقىنى ئۇقتى. «بىر تۆگىگىمۇ ئىگە بولالمىدىڭمۇ؟» دەپ قۇلنى ئۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تەرەپتىن تەبەسسۇم قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن «شۇ ئېھراملىققا قاراڭلار نىمە قىلىۋاتىدۇ!» دېدى. ئۇنىڭدىن باشقا بىر نەرسە دېمىدى.** (ئەسمادىن ئاخمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاراپاتتا بىر خۇتبە ئوقۇپ شۇنداق دېدى: **«ئاستىغا يۆگىگۈدەك ئېھرام تاپالمىغان تون كىيسۇن، ساندال تاپالمىسا مەسىلىرىنى كىيسۇن.»** (ئىبنى ئابباستىن، بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەخمەد)

**«ئېھراملىق بىركىشى ۋاپات بولدى. رەسۇلۇللاھ شۇنداق دېدى: بۇنىڭ بېشىنى ياپماڭلار، چۈنكى ئۇ قىيامەت كۈنى تەلبىيە ئېيتقان ھالدا تىرىلىدۇ»**

. رەسۇلۇللاھ ئېھرامغا كىرگەندىن كېيىن تەلبىيە ئېيتىشقا باشلىدى

لەببەيك ئاللاھ ھۇممە لەببەيك، لەببەيكە لا شەرىكە لەكە لەببەيك، ئىننەل ھەمدە ۋەننىئمەتە لەكە ۋەلمۇلك، لاشەرىكە لەك.

**«ئىنسانلاردىن بەزىلىرى ئۇخشىمىغان شەكىلدە تەلبىيە ئېيتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا بىر نىمە دېمىدى.»** (جابىردىن مۇسلىم)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر **«لەببەيكە لەببەيك، لەببەيكە ۋە سەئدەيك، ۋەلخەيرۇ**

**بىيەدىك، لەببەيكە ۋەررەغبە، ئىلەيكە ۋەلئەمەل»** دەپ تەلبىيە ئېيتتى. (نافى دىن مالىك)

**«ئىبنى ئۆمەر ساھابىلەرنىڭ ئېيتقان تەلبىيەسىدىنمۇ ئارتۇق قىلىنغان تەلبىيەنى ئاڭلىغان، پەقەت ئۇلارغا ھېچنېمە دېمىگەن ئىكەن.»** (ئەبۇ داۋۇت ۋە بەيھەقى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەلبىيە ئېيتىشنى، كائىناتتىكى بارلىق مەخلۇقلارنىڭ ئىلاھى مېلودىيىسىگە قېتىلىش دەپ قارىغان ئىدى. بۇ قارىشىنىمۇ شۇنداق تىلغا ئالغان ئىدى: **«ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان تەلبىيە ئېيتسا، يەر يۈزىنىڭ بۇ ئۇچىدىن باشقا بىر ئۇچىغىچە ئوڭ تەرىپىدە ۋە سول تەرىپىدە تۇرغان تاش، دەرەخ، تۇپراق ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تەلبىيەدە بىرگە بولىدۇ.»**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىلاھىي شوئارنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتىلىشىنى بۇيرۇغان ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ئىھرامغا كىرگەن زۇلھۇلەيفەدە ئەسما بىنت ئۇمەيس تۇغقان ئىدى ۋە ئۆزىنىڭ قانداق قىلىشى توغرۇلۇق سوئال سورىغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: **«يۇيۇن ۋە (ھەيزدارلارغا ئۇيغۇن) بىر كىيىم كەيگىن، بىر بەلۋاغ باغلىغىن، ئۇنىدىن كېيىن ئىھرامغا كىر!»** دەپ بۇيرۇغان ئىدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەج سەپىرى جەريانىدا، ھاياتقا ئالاقىدار ئوخشىمىغان ئەھۋاللار يۈز بەرگەن ئىدى. ئۇمۇ بۇ ئەھۋاللارغا مۇناسىپ كېلىدىغان تەدبىر قوللانغان ئىدى. بۇنىڭغا ئالاقىدار كارۋان سەربىن دېگەن يەرگە كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ھەج سەپىرىگە چىققان ئايالى ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز ھەيزدار بولۇپ قالغان ۋە ئۇ سەۋەبتىن يىغلاشقا باشلىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا شۇنداق تەسەللى بەرگەن ئىدى:

«سۇبھانالла. نېمىشقا يىغلايسەن ئەي ئائىشە؟ بۇ ئاللانىڭ ئادەم قىزلىرىغا تەقدىر قىلغان بىر ئىشتۇر. بىر ھاجى نېمە قىلسا سەنمۇ ئوخشاشلار ئۇنى قىل پەقەت بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىدىغان ئىشنىلا ئېلىپ قويۇپ، ساقايغاندىن كېيىن ئادا قىلغىن. رەسۇلۇللاھ مەسچىتى ھەرەمدە بەيتۇللانى تاۋاپ ئىدى. تاۋاپتىكى يەتتە قېتىم ئايلىنىشنىڭ ئالدىدىكى ئۈچ قېتىمدا تېز ماڭغان ئاخىرقى تۆت ئايلىنىشىدا ئاستا ماڭغان ئىدى.»

ئىبنى ئۆمەردىن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەجرۇل ئەسۋەدكە يۈزلەندى. ئۇنىڭغا سالام بەرگەندىن كېيىن، لەۋلىرىنى تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ياش تۆكۈشكە باشلىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يىغلىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇمۇ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزىدىكى ياشلارنى كۆرگەن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا قاراپ دېدىكى : «ئەي ئۆمەر بۇ يەردە ياشلار تۆكۈلىدۇ.» (ھاكىم، مۇستەدرەك)

«ئۆمەرنىڭ ئوغلى ھەجرۇل ئەسۋەدتە قىستىشىپ قالىدۇ، ھەتتا بۇرنى قانايدۇ. رەسۇلۇللاھ ئۆمەرگە: «ئەي ھافسىنىڭ دادىسى، سەن كۈچلۈك بىر ئادەمسەن. ھەجرۇل ئەسۋەدتە ئىنسانلارنى قىستىما. بولمىسا ئاجىزلارغا ئەرزىيەت بېرىپ قويىسەن. ئەگەر بىر بوشلۇق تاپساڭ سالاملىغىن، تاپالمىساڭ تەكبىر ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكىن.» (شافى، سۈنەن)

رەسۇلۇللاھ ئايلىنىش جەرياندا پەقەت يەمەن تەرەپتىكى ئىككى بۇلۇڭنى سالاملاپ ۋە قالغان ئىككىسىنى سالاملىمىغان ئىكەن.

«**رەببىمىز بىزگە دۇنيادىمۇ ياخشىلىق قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق قىلغىن. دوزاخ ئازابىدىن ساقلا**» (2-سۈرە بەقەرە 201- ئايەت) دەپ دۇئا قىلغان ئىكەن. تاۋاپتىن كېيىن ھەرەمنىڭ ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدىغان يەرگە كېلىپ ئىككى قېتىم نەپلە ناماز ئوقۇدى.

ئۇندىن كېيىن ئىشىكتىن سافاغا چىقتى ۋە ئۇ يەرگە يېقىنلاشقاندا

إِنَّ الصَّفَا وَالْمَرْوَةَ مِن شَعَائِرِ اللَّهِ ۖ

**«سەفا ۋە مەرۋە ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر»** (2ـ سۈرە 158ـ ئايەت) ئايىتىنى ئوقۇغان ئىدى. ئايەتتە بىرىنچى بولۇپ تىلغا ئېلىنغىنى سافانى قەست قىلىپ «ئاللاھنىڭ باشلا دېگەن يېرىدىن باشلىغىن» دەپ بۇيرۇدى ۋە سەئيىنى سافادىن باشلىغان ئىدى.

كەبىنى كۆرەلىگۈدەك سافا تۆپىلىكىگە چىقمىش، ئۇ يەردىن قىبلىگە يۈزلىنىپ، شۇنداق تەۋھىد ۋە تەكبىر ئېيتمىش:

لائىلاھە ئىللاللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىكە لەھ.

لەھۇلمۇلكۇ ۋە لەھۇل ھەمدۇ ۋە ھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىير.

لائىلاھە ئىللاللاھۇ ۋەھدەھ.

.ئەنجەزە ۋائدەھ

ۋە نەسەرەھ ئابدەھ.

ۋە خەزەمەل ئاھزابە ۋاھدەھ.

(پەقەت بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر.»

مۈلۈك ئۇنىڭدۇر ۋە ھەمد پەقەت ئۇنىڭغىلا مەخسۇستۇر ۋە ھەر نەرسىگە كۈچى يېتىدۇ.

بىر يالغۇز ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ ئەسلا يوقتۇر.

ئۇ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

قۇلىنى زەپەرگە ئېرىشتۈردى.

يالغۇز ئۆز بېشىغا (كۇپۇرنىڭ) پۈتۈن ئىتتىپاقداشلىرىنى ۋەيران قىلدى»

ئارقىدىن دۇئا قىلدى. يۇقىرىدىكى سۆزلىرىنى تەكرارلىدى. مەرۋە تۆپىلىكىدىمۇ مۇشۇنداق قىلدى. مۇشۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى تۆپىلىك ئارىسىدا يەتتە قېتىم كېلىپ-

كېتىپ يۇرۇپ سەيئىنى تاماملىدى.

رەسۇلۇللاھ سەيئى قىلغاندا، كۆيئوغلى ئەلى يېنىدا تۆگىلەر بىلەن بىرگە رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇچراشتى. ئايالى پاتىمەنى ئېھرامدىن چىققان ھالدا كۆردى. ئۇستىدە ئېھراملىق كىشىنىڭ كىيىشىگە لايىق بولمىغان پۇراقلىق بىرخىل رەڭگە بويالغان كىيىم بار ئىدى. كۆزلىرىگىمۇ سۈرمە تارتىلغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى ئەلىنىڭ خۇشىغا ياقمىدى. پاتىمە: **«دادام مۇشۇنداق بۇيرۇدى» دېدى. ئەلى ئۇدۇل رەسۇلۇللاھقا كېلىپ ئەھۋالنى ئېيتتى. رەسۇلۇللاھمۇ «پاتىمە توغرا دەپتۇ. سەن ھەجگە قايسى نىيەتتە چىقتىڭ؟» دەپ سورىدى. ئەلى دېدىكى: «يا رەببى! روسۇلىنىڭ نىيىتى بىلەن چىقتىم، دېدىم». رەسۇلۇللاھ «ئەمما مەن يېنىمدا قۇربان ئېلىپ كەلدىم» دېدى ۋە يەنە بۇنى قوشۇپ: «ئۇنداقتا ئېھرامدىن سەنمۇ چىقما»**. (مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇت)

زۇلھەججىنىڭ 8 ـ كۈنىگە ئۇدۇل كەلگەن تەرۋىيە كۈنى رەسۇلۇللاھ مىناغا چىقتى. پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن ۋە بامدات نامازلىرىنى مىنادا ئوقۇدى. قۇياش تولۇق چىققانغا قەدەر ساقلىدى ۋە ئاندىن يولغا چۈشۈپ بىر تەرىپى ئاراپات ۋە باشقا بىر تەرىپى مۇزدەلىفەگە ئېچىلغان نەمىرە ۋادىسىدا قوندى.

رەسۇلۇللاھنىڭ مىنادا ئارام ئېلىشى، كارۋاندىكى ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى چىقىرىۋېلىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. بىر باشقا سەۋەبى بولسا ۋاقتىدىن بۇرۇن ئاراپاتقا چىقىپ قېلىشنى خالىمىغانلىقى تۈپەيلى ئىدى. ئەگەر ئاراپاتقا بۇرۇن چىققان بولسا ئىدى ئىنسانلار بۇنى سۈننەت قىلىۋېلىپ ۋاقتىدىن بۇرۇن ئۇ يەرگە چىقىش كېرەك دەپ چۈشىنىۋېلىشقان بولاتتى.

نەمرەدە كۈن يېرىمغا كەلگەندە رەسۇلۇللاھ تۆگىسى قاسۋانىڭ ھازىرلىنىشىنى ئەمىر قىلدى. ۋادىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى ۋە مەشھۇر ۋىدا ھەججى خۇتبىسىنى سۆزلىدى. بۇ خۇتبىدە، خۇددى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۇنى تىڭشاۋاتقاندەك، پۈتۈن

ئىنسانىيەتكە خىتاب قىلدى. يەر يۈزىنىڭ ئەڭ كەڭ دائىرىلىك ۋە تۈنجى ئىنسان ھەقلىرى باياناتى بولۇش سۈپىتىنى ئالغان بۇ خۇتبە تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەرگە ئېلىنىدى.

ئەي ئىنسانلار! قانلىرىڭىز، ماللىرىڭىز ۋە نومۇسلىرىڭىز، گوياكى شۇ سىز ئىچىدە تۇرۇۋاتقان كۈنگە ئوخشاش، بۇ ئايدەك، شۇ مۇقەددەس تۇپراق كەبى چېقىلىشقا بولمايدىغان ۋە مۇقەددەستۇر.

شۇنى بىلىڭلاركى، جاھىلىيەتنىڭ ھەرقانداق نەرسىسى ئايىغىمنىڭ ئاستىدا.جاھىلىيەت ۋاقتىدىن قالغان قان دەۋاسى ھۆكۈمسىزدۇر. بىكار قىلغان تۇنجى قان دەۋاسى بىزنىڭ قانلىرىمىزدىن ئىبنى رابىئا بىن ھارىسنىڭ قېنىدۇر. جاھىلىيەتتىن قالغان ئۆسۈملەرمۇ بىكار قىلىندى. بىكار قىلغان تۇنجى ئۆسۈم، بىزنىڭكىلەردىن ئاباباس بىن ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئۆسۈمدۇر. بۈندىن كېيىن ئۆسۈملەرنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمسىزدۇر.

ئاياللىرىمىز توغرۇلۇق ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

سىلەر ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئامانىتى قىلىپ ئالدىڭلار. يەنە ئاللاھ نامى بىلەن ئۇلارنى ئۆزۈڭلارغا ھالال قىلدىڭلار. خالىمىغان كىشىلەرنى خانەڭلارغا ئالماسلىقى سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىڭلاردۇر.

ئۇلارنىڭمۇ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا (ئۆز-ئارا ھەق ۋە مەسئۇلىيەت ئاساسىدا) ئۇيغۇن ھەقلىرى باردۇر. نەفقىلىرىنى ۋە كىيىملىرى بىلەن تەمىنلەش ئۇلارنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەقلىرىدىندۇر.

مەن سىلەرگە ئەگەر ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلساڭلار ئېزىپ كەتمەيدىغان نەرسىنى يەنى، يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىنى قويۇپ قويىمەن.

ئاخىرەتتە مېنى سىلەردىن سورايدۇ. بۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىسىلەر؟

ھەممەيلەن بىرلىكتە «شاھادەت ئېيتىمىزكى سەن رىسالىتىڭنى تەبلىغ ئەتتىڭ،
ۋەزىپەڭنى ئادا قىلدىڭ ۋە بىزگە ياخشى تەربىيە قىلدىڭ!»
بۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ئىشارەت بارمىقىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق دېدى:
شاھىت بول يا رەب!
شاھىت بول يا رەب!
شاھىت بول يا رەب!

ئۇنىڭدىن كېيىن ئەزان ئوقۇلۇشىنى ۋە قامەت كەلتۈرۈلۈشىنى ئەمر قىلدى. ئالدى بىلەن پېشىن نامىزىنى ئوقۇتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر قامەت بىلەن ئەسىر نامىزىنى ئوقۇتتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا باشقا بىر ناماز ئوقۇتمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلىقىغا مىندى. بىر قىيا تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ ۋەقپىدە تۇرۇشنى داۋام قىلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن مۇزدەلىفەگە قاراپ ھەرىكەت قىلدى. بۇ يەردە شام ۋە خۇپتەن نامىزىنى بىرلىكتە قىلدۇردى. كېيىن شەپەققە ئاتقانغا قەدەر ئىستىراھەت قىلدى. يەنە ئەينى يەردە ئەزان ۋە قامەت بىلەن بامدات نامىزى قىلدۇردى. تۆگىسى قاسۋاغا مىنىپ مەشئارىل ھارامغا كەلدى. ئۇ يەردە قىبلىگە يۈزلەندى، تەكبىر، تەھلىل ۋە تەۋھىد كەلتۈردى.

ئەتراپ يورۇغاندىن كېيىن، كۈن چىقىشتىن ئاۋۋال ئالدىدا ئۇ يەردىن مىناغا قاراپ ھەرىكەت قىلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئاقابە جەمرىسىگە كەلدى. بۇ يەردە، ۋادىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ 7 كىچىك تاش ئاتتى.

غەززالى شەيتانغا تاش ئېتىش ھەققىدە: «شەيتان ئىبراھىمنى تىرىكتۈردى. ئىبراھىمۇ شەيتاننى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن تاش ئاتتى. ئەمما مېنى تىرىكتۈرمىدى ۋە

كۆرۈنمىدى.» دەپ ئەقلىگە كۆرە بىر تەرزدە شەيتانغا تاش ئېتىشتىن ۋاز كېچىدىغان بىرىگە مۇنداق دەيدۇ: «بىلگىنكى ئەقلىگە كەلگەن بۇ پىكرىنىڭ ئۆزى دەل شەيتاندىندۇر. سېنىڭ شەيتانغا تاش ئېتىشىڭدىكى جاسارىتىڭنى سۇندۇرۇش، ساڭا پايدىلىق بولمىغان نەرسىنى خىيال قىلدۇرۇش ۋە بۇ ھەرىكىتىڭ ئويۇنغا ئوخشايدۇ، نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشقا زامان ئايرىيدىغانسەن؟» دېيىش ئۈچۈن سېنىڭ قەلبىڭگە بۇ پىكرنى قويغاندۇر. جىددىي بىر غەيرەت بىلەن بۇ شەيتاننى تاش بىلەن ئۇرۇپ بۇ پىكرنى ھەيدە. مۇشۇنداق قىلالىساڭلا شەيتاننىڭ بۇرنىنى قانىتىپ يەرگە سۈرتكەن بولىسەن. شۇنى بىلگىنكى سەن كۆرۈنۈشتە ئاقابەدە شېغىل تاشلارنى ئاتىسەن. ھەقىقەتتە بولسا تاشلارنى شەيتاننىڭ دەل ئۆزىگە ئېتىپ بېلىنى سۇندۇرىسەن. چۈنكى شەيتاننىڭ بۇرنىنى يەرگە سۈرتۈش پەقەت ئاللاھنىڭ ئەمرىگە تولۇق تەسلىم بولۇش بىلەن بولىدۇ.»

سائىب بىن مالىكتىن: «ھەجدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە قايتقىنىمىزدا، ئىچىمىزدىن بېزىلەر

«مەن ئالتە تاش ئاتتىم»، بەزىلىرى بولسا «مەن يەتتە تاش ئاتتىم»

دېيىشكەن بولسىمۇ ئەمما بىر بىرىمىزنى ئەيىپلەشمىگەن ئىدۇق.»

ئاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ قۇربانلىق قىلىدىغان يەرگە كەلدى ۋە ئۆز قولى بىلەن قۇربانلىقنى بوغۇزلىدى. بۇنى ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بېغىشلىغان ھەر يىلىغا بىردىن شۈكۈر نىشانى بولۇپ قالسۇن دەپ قىلغان ئىدى. قۇربانلىقلىرىنىڭ گۆشىدىن يېدى ۋە ئۇنىڭ سۈيى بىلەن پىشۇرۇلغان شورپىدىن ئىچتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ كەبىگە قاراپ يولغا چىقتى، پېشىن نامىزىنى كەبىدە قىلدى، تاۋاپ قىلدى ۋە زەمزەم سۈيىدىن ئىچتى.

مىنا كۈنلىرى تۆگىگەندە ئەبتاخقا چۈشۈپ، ۋىدا قىلىشتىن بۇرۇنقى ئەڭ ئاخىرقى

تاۋپىنى قىلدى ۋە ئۇ يەردىن ئايرىلدى.

باشقا بىر رىۋايەتكە قارىغاندا رەسۇلۇللاھ بۇ ھەجدىن 55 كۈن كېيىــن ئەبەدىيلىك يۇرتىغا يۈرۈپ كەتكەن ئىدى.

(تۈگىدى)

ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىل ئالەمىين!!

ماڭا بۇ ئەقىل ۋە قۇدرەتنى بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن ساڭا ساناقسىز شۈكۈرلەر بولسۇن!

دادامنىڭ روھى پىردەۋىس جەننەتتە بولسۇن!

ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلغان بەدەل ھەجىمنى قوبۇل قىلغىن! ئى ئاللاھ!